ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# كىشىلىك ھايات ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# كىشىلىك ھايات ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بېلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

图书在版编目(CIP)数据

人生格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. 一乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978-7-80744-406-0

Ⅰ.人... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 122112 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 人生格言 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-80744-406-0 |
| 定价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

ئۇڭۇشسىزلىقتىن ھېچ قورقما، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئابىھايات بۇلىقى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

زامان تەتۈرلۈكىدىن خاپا ئولتۇرما، سەۋر قىل، سەۋرنىڭ ئاچچىق غورىسىدىن ھالۋا پىشار.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

كىم پولات قوللۇق كىشىگە مۇشت ئاتسا، ئۆزىنىڭ ئاجىز قولىنى ئاغرىتىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

بارچە مۇخلىس بەندىلەردە ھەرقاچان ئۈمىد باردۇر، ئۇ تەڭرىنىڭ دەرگاھىدىن ئۈمىدسىز قايتماس.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

تۇرمۇش، دەۋران چۆل شاملىغا ئوخشاش ئۆتىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

كىشى كۆڭلىنى ھەرگىز ئاغرىتما، ئېھتىمال، بۇ يولدا

تىكەن ياتقاي. كەمبەغەلنى ھاجەتتىن چىقارغىن، بىر كۈنى ئۇمۇ ساڭا ئەسقاتقاي.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

ئۆز نېنىڭنى يەپ ئولتۇرغىنىڭ خىزمەتتە ئالتۇن كەمەر باغلىغاندىن ياخشى!

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

ئەڭ قىممەتلىك ئۆمۈر يازدا قورساق، قىشتا كىيىم ـ كېـ-چەكنىڭ غېمىدىن ئىبارەت مەقسەتتە ئۆتتى. قورساقنىڭ قولى سەن، بىر نانغا قانائەت قىل.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

ھاك لېيىنى قولدا مۇجۇپ خېمىر قىلساڭ، شاھ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغاندىن خوپ.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

چاڭقىغان ئۇسسۇز سۇزۇك بۇلاقتا يەتسە، غالجىر پىل ئالدىنى توسۇسا قورقار دەپ ئويلىما. ئاچ پاسىق خىلۋەتتە داستىخان ئۇسـ-تىدە روزىنى ئويلىسا، ئاقىل ئىشەنمەس.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

كىم ئۇلۇغلارنىڭ نامىنى سۆكسە، ئاقىل ھەرگىزمۇ ئۇنى ئۇلۇغ دېمەس.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

ئۆتكەنلەر نامىنى ھاقارەت قىلما، دۇنيادا ياخشى نامىڭ ئەبەدىي قالسۇن.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

تۇرقۇم ـ شەخسىيىتىم كىشىلەرگە خوپ كۆرۈنگەن بىلەن ئىچكى نۇقساندىن ئۇيىلىپ باشىم ھامان ئېگىلگەي. كىشىلەر تا-ۋۇسنى گۈزەللىكتە توختىماي ماختىسىمۇ، ئۇ پۇتىنىڭ سەتلى-كىدىن ھەر زامان نومۇس ئەيلەر.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئىچىڭنى تائامدىن بوشراق تۇت، ئۇندا مەرىپەت نۇرىنى كۆرىسەن.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

مەيلى ئالىم، مەيلى بوۋاي، مەيلى مۇرىت، قەلبى تازا، تىلى ئۆتكۈر بۇيۈك دانا بولسۇن، پەس دۇنياغا چۈشۈپ قالسا، گويا پۇتى ھەسەل ئىچرە پاتقان ھەرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئاچ قورساققا قۇرۇق ناننىڭ ئۆزى قىيما.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ۋەز ئېيتىلىدىغان جاي گەزمالچىلار دۇكىنىغا ئوخشايدۇ، نەق پۇل تۆلىمەي، بۇ يەردىن رەخت ئاالمىغىنىڭدەك، بۇ يەرگىمۇ ھە-قىقىي مەيلى مۇھەببىتىڭ بولمىسا، مەنىۋى لەززەتكە ئىگە بولال-مايسەن.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادرېسى

ھەي تەقۋادار، گۇناھكاردىن يىرگەنمىگىن، ئاڭا شەپقەت بىلەن ئىللىق نەزەر سالغىن.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

كىمدە سەۋر يوق بولسا، ھېكمەت يوق.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئۆز ھاجىتىنى سوراپ كىشىنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كۆرە، خىلۋەت بىر جايدا ئۆلگەن ياخشى!

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

چاپان تىلەپ بايلارغا ئەرزنامە يازغاندىن، سەۋر بۇلۇڭىدا ياماق تىكمەك ياخشىدۇر.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

غالچىدىن گەپ ئاڭلاپ جاپا تارتقاندىن، باينىڭ ئېھسانىنى ئالمىغان تۈزۈك.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئۆتۈپ بىرىنۋاتقان زاماندىن ھەرگىز زارلانمىغانىدىم، پەلەك-نىڭ گەردىشىدىن يۈزۈمنى پۈرۈشتۈرمىگەنىدىم، پەقەت بىر چاغدا يالاڭ ئاياغ قالدىم. كېپىش سېتىۋېلىشقا پۇلۇم يوق ئىدى. غەمكىن بولۇپ كۇفە جامەسىگە كىردىم. ئۇ يەردە بىر ئادەمنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ پۇتى يوق ئىدى. ھەقتائالانىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلدىم ـ دە، كېپىشىم يوقلۇقىغا سەۋر قىلدىم.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ھەر ئىش يۇمشاقلىق بىلەن پۈتمىسە، زورلۇق ئىشلىتىش تۇرغانلا گەپ.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

بىلىمچى نىسىۋىسىز بولسا ھەتتا دەجلە① دەرياسىدىمۇ بېلىق تۇتالمايدۇ، ئەجىلى يەتمىگەن بېلىق قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۆلمەيدۇ!

سەئدى: «گۈلستان» دىن

رىزىق ئەزەلدە تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىر ئىلاج قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش شەرت، شۇنىڭدەك بالا ـ قازامۇ تەقدىردە پۈتۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىرىدىغان ئىشىكىدىن ساقلىنىش لازىم.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

بۇ جاھان نېمەتلىرىدىن بىنەسىپ بولغان كىشى، ئۆز يۇرتىدا نامسىز غېرىبى بىنەۋا بولغۇسى.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

ئەگەر ئوغۇل خوپ كېلىشكەن دىلبەر بولسا، ئاتىسىدىن ئايرىلسىمۇ غەمسىز ياشار. ئۇ بىر گۆھەر، سەدەپ ئاڭا ھاجەت ئەمەس. ئېسىل دورىغا ھەممە يەردە خېرىدار بار.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

يوقسۇللارنىڭ باتۇر قولى باغلاقلىق، شىر پەنجىسى سۇنۇق.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

① دەجلە — باغداتتىكى دەجلە دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇشەققەت چەكمىگۈچە خەزىنىگە ئىگە بولالمايسەن، جاننى خەتەرگە قويمىغۇچە دۈشمەن ئۈستىدىن زەپەر قازىنالمايسەن، ئۇرۇق چاچمىساڭ، خامان ئالالمايسەن.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئىستىبداد ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش شۇنداق بىر كىمىيادۇركى، ئۇ قارا تۇپراقنى ساپ ئالتۇنغا، ناقىس① تاشنى بولسا ئەيىبسىز گۆھەرگە ئايلاندۇرىدۇ. مىسالى ئېيتىدۇرلەركى:

تەربىيىدىن تۇپراق گۆھەر بولىدۇ،
ناق② ئىچرە قان مۇشكى ئەسغەر بولىدۇ.
قىممەتسىز بىر قارا تۆمۈرنى ئىكسىر،③
تەربىيە ئەيلىگەچ ساپ زەر بولىدۇ!

خوجا سەمەندەر تېرمىزى

ئىستىبداد ئىگىسىنى تەربىيىسىز قالدۇرماق جىنايەتتۇر. ئىستىبدادسىز كىشىنى تەربىيىلەش بولسا ئۆمۈرنى زايا قىلىشتۇر. بېيىت:

كىشىدە بولمىسا ئەگەر ئىستىبداد،
مىڭ ھىيلە قىل تەلىم كار قىلماس ئەسلا.

---

① ناقىس: كەمچىلىك، نۇقسانى بار.
② ناق ـ ناقە: كېيىكنىڭ مۇشك بېزى.
③ ئىكسىر: ئوتتۇرا ئاسىيا كىمياگەرلىرى تەسەۋۋۇرىدا ھەرقانداق نەرسىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان تاش.

گۇمان قىلما، موزاي خۇدا بولمايدۇ،
بۇتپەرەس ئالتۇن بىلەن بەرسىمۇ ئارا.
مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئەزىزىم، ھۈنەر ئەھلىنىڭ تەربىيىسى يولىدا تىرىشقىن. ھۈنەرسىز كىشىلەرگە ئاتىسىنىڭ خىزمەتلىرى تۈپەيلى ئېتىبار ئۆزلىرىدە بولغان قابىلىيەت سەۋەبىدىن تەربىيىلىمەك لازىم! بېيىت:

ئۆلۈكتۇر ھاياتتا ھۈنەرسىز كىشى،
ھۈنەرسىز بولغاندىن ئۆلگىنى ياخشى!
خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

سەبىسىز كۆلكە — ئەدەپسىزلىك بەلگىسى.
«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھەرقانداق ئادەم ئەگەر ياشلىقىدىنلا ئەدەپسىز كىشىلەر ئارىسىدا ئۆسۈپ ئۆلغايسا، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورنىشىۋالغان بەدتىپىئىللىك ئىللىتىنى چىقىرىپ تاشلىماق قىيىن بولىدۇ.

گۆدەكلىكتىن يامان پېئىلگە ئۆگەنسە،
مىڭ مېھنەتلە ئۇنى كەم قىلىپ بولماس.
ياخشى يولغا سالاي دەپ كۆپ ئۇرۇنما،
ئۆسۈپ قاتقان شاخنى خەم① قىلىپ بولماس.
خوجا سەمەندار تېرمىزىي

① خەم: پەسكە ئېگىلگەن، تۆۋەنگە ئېگىلگەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

ئەدەپسىز بالا ئاتا ـ ئانا ئۆينى خاراب قىلىدۇر.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەدەپسىزلىك شۇنداق سەلكى، ئۇ ئابروي بويۇكلۇك قەسرىنى گۇم قىلىپ، ئىدراك بوينىنى ھەر خىل ئارقانلار بىلەن باغلاپ تاشلايدۇ. ئاقىللارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئەدەپ رىئايىسى شۇنداق سۇرمىكى، ئۇنىڭ توزۇندىسىنى ھەرقانداق كىشىگە سۇرتسە، ئېتىبار كۆزىنىڭ روشەنلىكى ھېچقانداق سەۋەب بىلەن زەئىپلىك ۋە ئىللەتكە يولۇقمايدۇ. زامانىنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلىرى ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى مېھىر ـ مۇھەببەت بەزمىسىنىڭ چىرىغى دەپ بىلگەيلەر. بۇنداق كىشىلەر ئىقبالىنىڭ يۇلتۇزى كۈندىن ـ كۈنگە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈۋېرىدۇ. خۇددى مۇنۇ ھېكايەتتىكى بالىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ سائادەت ۋە ئىززەت سەھىپىلىرى شاھانە ئىلتىپاتنىڭ يورۇق چىرىغىدىن بېزىلىۋېرىدۇ.

ھېكايەت ھوشيارلىقنىڭ كىمايا تەبىئەتلىك سەررافلىرى بۇ ھېكايەتنىڭ بىباھا ئالتۇنىنى شۇنداق پۇل قىلىپ چېكىندۇرلەركى. بىر كۇنى باغداد ۋىلايىتىدە بىرنەچچە بالا كوچىدا ئويناۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە شۇ شەھەرنىڭ ھەكىمى دەم ئېلىش نىيىتىدە ئاتلىق شۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قالدى. ھەكىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر بالا ئەقلىنىڭ مۇئەللىمى ياردىمىدە بۇ ھالنى سېزىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەدەپ يۇزىسىدىن چەتكە چىقىپ، تام تۇۋىدە تۇردى. باشقا باللار بولسا ھېچ نەرسە سەزمىگەندەك ئويۇننى ئويناۋەردى. بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ھەكىمغا ھېلىقى بالىنىڭ ھەرىكىتى ياقتى. ئۇ ئېتىنى بالا تەرەپكە ئازراق ماڭدۇرۇپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە قولىدىن ئۇزۇكىنى چىقىرىپ، باللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتى ۋە دېدى: «كىمكى

ئۇزۇكنى بىرىنچى بولۇپ تېپىپ كەلسە، شۇ تارتۇق ئالىدۇ». بالىلار بىرىنچى بولۇپ ئۇزۇكنى تېپىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىشتى. كۇتۇلمىگەندە ئۇزۇكنى بىر بالا تېپىۋېلىپ، ھەكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ھېلىقى بالا بولسا ئۆز ئايغىنى ئەدەپ چېگراسىدىن چىقارماي، جايىدا قىمىرلىماي تۇردى. فەرد:

ھەر كىم ئەدەپ سۇرمىسىنى تارتسا ھايا كۆزىگە،
مەقسەت كېلىنىنى قىلىدۇر شەكسىز ئۇ رام ئۆزىگە.

ھەكىم كۆز قىرى بىلەن ئۇ بالىنىڭ ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرار ئىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم ئۇزۇكنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. بالا بولسا ئۇزۇكنى يەردىن ئېلىپ توپىسىنى ئېرتتى - دە، بىر سۆيۈپ، ئەدەپ ۋە ھايا بىلەن ئاستا - ئاستا مېڭىپ كېلىپ، ئىككى قوللاپ ھەكىمغا ئۇزاتتى. ھەكىمغا ئۇنىڭ ئەدەپ ۋە ھاياسىنىڭ چىرايلىقلىقى يېقىپ، دېدى:

ئەدەپ ئۆز ئىگىسىن يەتكۇزۇر بىر كۇن،
ئىززەتۇ ئابرۇيغا ۋە سائادەتكە،
ئەدەپنىڭ تولغۇسى خۇش تاراۋەتكە.①
ئەدەپلىك كىشىلەر تاپار ياخشىلىق،
ئەدەپسىزلىك نىشاندۇر، بىل، مالامەتكە.

گەپنىڭ قىسقىسى، ھەكىم بالىلارنىڭ ھەممىسىنى تارتۇقلىدى ۋە خادىملىرىدىن بىرىگە دېدى: «مانا بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تېپىپ، رازى قىل، بالىسىنى بىزگە بەرسۇن، تەربىيىلەشكە ئەرزىيدىغان بالا ئىكەن». قىتئە:

پاكىز، ئەقىللىق، ھوشيار ھەر بالا،
ھەيفتۇر② كۆرمىسە ئەگەر تەربىيەت.

---

① تاراۋەت: چىراي، ياشلىق لاتاپىتى؛ تازىلىق.
② ھەيف: ئورۇنسىزلىق؛ ئېچىنماق، ئەپسۇسلۇق، ئادالەتسىزلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئىلىمنىڭ شولىسى نۇرىن چاچمىغاي،
كىشىدە بولمىسا ئەگەر مەرىپەت.
ياقۇتنىڭ يۈزىگە بەرمىسە پەرداز،
ھېچقاچان بولالماس تاجى سەلتەنەت!

بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد

ياخشى ئىشلەنمىگەن يەر ياخشى ھوسۇل بەرمەس.

«ئاتىلارنىڭ سۆزلىرى» دىن

تاسادىپىيلىقتا ئۈمىد باغلاش مۇمكىن ئەمەس. ھەزەر قىل، بۇنداق تەمە بىلەن ئىككىنچى خام ـ خىيالنىڭ قۇربانى بولما.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

بىراۋنىڭ داستىخىنىغا ئولتۇرساڭ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلماق لازىمدۇر.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

كىمكى تىلەمچىلىك ئىشىكىنى ئاچسا، ئۆلگۈچە ھاجەتمەن بولۇپ ئۆتىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ساق كىشى ھېچقاچان ئاغرىقنى بىلمەس.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئۆلۈمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلا، ۋەھىمىنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا يول قويما، چۈنكى، يۇنان پەيلاسوپلىرى ئېيتىدۇ: مىجەزى قانچىلىك مۇستەھكەم بولمىسۇن، ئەبەدىي ھايات كەچۈرۈشكە ئۈمىد باغلىماسلىق كېرەك، ئەمما ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەلمۇ ھالاك بولۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

يوگورۇپ ھالىدىن كەتكەندىن كۆرە، مېڭىپ ۋە ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالغان ياخشى!
سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

ياشلىق پەيزىنى قېرىدىن ئىزدىمە، ئاققان سۇ يەتكەن يېرىدىن قايتماس، زىرائەت ئېتىزى ئورما ۋاقتىدا مايسا چېغىدەك ھەرگىز يەلپۈنمەس.
سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

بالاغەتكە يېتىشنىڭ بەلگىلىرى ئۈچ: بىرىنچىسى، ئون بەش ياشقا تولۇش؛ ئىككىنچىسى، ئېھتىلام؛ ئۈچىنچىسى، ئالدىغا موي چىقىش. ئەمما ھەقىقەتتە بىرلا نىشانى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆز نەپسىڭنىڭ راھىتىگە بېرىلىشتىن كۆرە، كۆپرەك ھەقتائالانى رازى قىلىش كويىدا بولۇش؛ ھەركىمدە بۇ سۈپەت مەۋجۇت بولمىسا، ئۇنى دانىشمەنلەر بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىمايدۇ.
سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

ئەجەب بىر ئىش! پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان پىيادە ① شاھمات تاختىسىنىڭ نېرىقى چېتىگە چىقسا پەرزىن بولىدۇ، يەنى بۇرۇندىن ياخشى بولىدۇ. ئەمما پىيادە ماڭغان ھاجىلار چۆلنى كېسىپ باشقا چىققاندا، يامان بولۇشۇپ كېتىدىكەن!
سەئىدى: «گۈلىستان» دىن



ئادەمنى چىشلىگەن، پوستىنى يىرتقان زالىم ھاجىغا مېنىڭ نامىمدىن ئېيت: سەئىدى: «سەن ھاجى ئەمەسسەن، تۆگە ھاجىدۇر،

① بۇ يەردىكى پىيادە ـ شاھماتنىڭ پىيادە ئورۇقى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

چۈنكى، ئۇ يانتاق يەپ ھاجەتتىن چىقار.»

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

كىمكى چوڭ ئىشنى تەجرىبىسىز نادانغا تاپشۇرسا، ئۇ پۇشايمان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاقىللارنىڭ ئارىسىدا كالتە پەم دېگەن ئاتاققا قالىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

دۇنيادىكى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئارقىسىدىن ئەجەلنىڭ نەشتىرى ئەگىشىپ يۈرىدۇ. جەننەتنىڭ مېنەتلىرى ئالدىدا كۆڭۈلسىزلىك ھەم ئازابنىڭ توسۇق تاملىرى بار.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

تۆھپىسىز ئۆلگەن بېخىلنىڭ نامىزىنى ئوقۇما.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئىككى خىل كىشىنىڭ جاپا تارتقىنى بىكار، تىرىشقىنى پايدىسىز: بىرى، مال يىغدى، يېمىدى؛ يەنە بىرى، ئۆگەندى، ئەمەل قىلمىدى.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

بىر ئىش توغرۇلۇق ھۆكۈم قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالساڭ، خاپىچىلىقى ئازراق تەرەپنى تاللىۋال.



سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئىش ئالتۇن بىلەن پۈتىدىغان بولسا، جاننى خەتەرگە قويۇماسلىق كېرەك.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

مەنمەنچىگە نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۆزى نەسىھەتكە موھتاج.
سەئدى: «گۈلىستان» دىن

كىمكى نادان بىلەن ئۈلپەت بولسا، ياخشىلىق كۆرمەيدۇ.
سەئدى: «گۈلىستان» دىن

دىلسىز تەن تائەت ـ ئىبادەتكە يارىمايدۇ، پۇچەك شاكال مال قاتارىغا كىرمەيدۇ.
سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ھەرقانداق ئادەم كۈرەشتە چاققان، مۇئامىلىدە توغرا بولۇۋېر-مەيدۇ.
سەئدى: «گۈلىستان» دىن

كۈچلۈك ئادەمگە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن زەئىپ ئادەم ئۆز ھالا-كىتىدە دۈشمىنىگە يار ـ يۆلەكتە بولىدۇ.
سەئدى: «گۈلىستان» دىن

شىر بىلەن پەنجىمۇ پەنجە ئېلىشىش ۋە قىلىچقا مۇشت ئې-تىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس.
سەئدى: «گۈلىستان» دىن



قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەر قابىلىيەتلىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ، خۇددى بازار ئىتلىرى ئوۋ ئىتلىرىنى كۆرسە قاۋاشقا باشلاپ، قېشىغا يېقىن بارالمىغاندەك.
سەئدى: «گۈلىستان» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

يامان ئادەملەرگە مەردلىك قىلىش گۇناھ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

كىمكى خەلق مېنى ئەزىز دېسۇن دەپ، دۇنيانىڭ لەززىتىدىن ۋاز كەچسە، ھالال لەززەتنى ھارامغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

بىلىكىدە كۈچ ـ قۇۋۋىتى يوق كىشىلەر ئۇششاق تاشلارنى يىغىپ ساقلاپ قويسۇن، پۇرسەت كەلگەندە زالىمنىڭ مېڭىسىنى يانجىپ يوقادىن چىقىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئۈزۈمنىڭ لەززىتىنى تۈل خوتۇن بىلىدۇ، تەكىنىڭ ئىگىسى بىلمەيدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

قۇرغاقچىلىق يىلىنىڭ قىيىن مەزگىلىدە ھالىدىن كەتكەن يوقسۇلدىن: سەئدى: «قانداقراق تۇردۇڭ؟»دەپ ئەھۋال سورىما، پەقەت ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولالىساڭ ۋە ئالدىغا ئاز ـ تولا پۇل قويالىساڭ، ئاندىن سورا.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

بىر ئىشەكنى يۈك بىلەن پاتقاقتا كۆرسەڭ، يېنىغا بارماي يىراقتىنلا شەپقەت بىلەن ئېچىن، گەر يېقىن بارساڭ، ئەرلەرگە خاس ھىممەت بىلەن قۇيرۇقىدىن دەس كۆتۈر.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ھەي تىرىكچىلىك غېمىدە يۈرگەن كىشى (جايىڭدا) ئۆلتۈر، ئۆز نېسىۋەڭنى يەيسەن، ھەي ئەجەلنىڭ نىشانى بولغان كىشى، نەگە بارساڭ بار ئەمما جېنىڭنى قۇتقۇزالمايسەن.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

رىزىق ئۈچۈن خاھ تىرىشقىن، خاھ تىرىشما، رىزقىڭنى ئۇلۇغ ئىگەم ئۆزى بەرگەي. ئەجەل يەتمەي يولۋاس ياكى شىرنىڭ ئاغزىغا چۈشسەڭ، ئۇلار جىسمىڭنى يېمەس.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

قويۇلمىغان نەرسىگە قول يەتمەيدۇ، قويۇلغانىكەن نەدىلا بولسا يېتىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

سۇلتان بەرگەن تون ئەزىز بولسىمۇ، لېكىن ئۆزۈڭنىڭ كونا چاپىنى ئۇنىڭدىن قىممەتلىك. كاتتا كىشىلەرنىڭ راسلىغان راسخوتى لەززەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۆزۈڭنىڭ بويۇن خالتىسىدىكى پارچە ـ پۇرات نان ئۇنىڭدىن تەملىك.



سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئىككى ئىشنى قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس ۋە دانىشمەنلەرنىڭ پىكرىگە زىت: بىرى، تەخمىن بىلەن دورا ئىچىش؛ يەنە بىرى، مېڭىپ باقمىغان يولدا كارۋانسىز يۈرۈش.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ھەرھالدا ئۆزۈڭگە مەلۇم دەرىجىدە بىلىنىۋاتقان نەرسىنى كىشىلەردىن سوراشقا ئالدىرىما، چۈنكى، بۇ ئىش ھۆرمىتىڭگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ زۆرۈر قائىدىلىرىدىن بىرى مۇنداق: ياكى ئۆزۈڭگە ئۆي سېلىۋال، ياكى ئۆي ئىگىسى بىلەن چىقىشىپ ئۆت.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

كىمكى دۇنيانىڭ تەربىيىسى بىلەن توغرا يولدا ماڭمىسا، ئاخىرەتتە ئازابقا قالىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

بەختىيار كىشىلەر ئۆز قىلمىشلىرى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولۇشتىن بۇرۇنلا، ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن ساۋاق ئالىدۇ. ئوغرىلارمۇ قولىنى قىسقارتىۋەتمىگۈچە① قولىنى قىسقارتمايدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ھەقنىڭ دوستلىرىغا قاراڭغۇ تۈنمۇ گوياكى يوپيورۇق كۈندۇز.



سەئدى: «گۈلىستان» دىن

زومىگەردىن ھامان ئادەملەر قاچىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

① شەرئەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

كىمكى ئەلگە زىيان سالسا، ئاخىر ئۆزىمۇ خانۇ ۋەيران بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

بىرەر جايىنىڭ يامانلىقتا نامى چىقسا، چېچەن ئادەم ئاڭا قەدەم قويمايدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

مۇساپىرنى ياخشى كۈتۈپ ھۆرمەتلىسەڭ، ئۆز يۇرتىدا سېنى ياخشى ئويلايدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئەگەر قايسى جايدا غېرىب خورلانسا، شۇ جاي خاراب ماكانغا ئايلىنىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

سەن ئۆزۈڭنى سەيياھلارغا يېقىن تۇتساڭ، ئۇلار بىلەن نامىڭ ھەرقاياقلارغا تارقىلىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

مېھمان ۋە مۇساپىرغا يار بولۇش بىلەن بىرگە، ساختىلاردىن ھوشيارراق بول.

سەئدى: «بوستان» دىن

ناتونۇشتىن ھەزەر قىلغان ياخشىدۇر. ياۋمۇ بەزىدە دوستتەك كۆرۈنىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

كىمكى ئىززەت قىلغان قەدىردانىڭ بولسا، ئۇنىڭ قەلبىدە ھىيلە ـ مىكىر بولماس.

سەئدى: «بوستان» دىن

سەن بوشاشساڭ، دۈشمىنىڭ كۈچەيپ قالار. غەزەپلەنسەڭ، شۇئانلا چېكىنەر.

سەئدى: «بوستان» دىن

دۇنيادا ئادەم ئۆمرى باقىي ئەمەس، ئۇنىڭدىن قالىدىغىنى ياخشى ئىشى ۋە نامى. ئۆلگىنىدە ھېچ نام ـ نىشان قالمىسا، سەئدى: «رەھمەت»دېيىشىمۇ ساڭا ئەرزىمەيدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

جاھاندىن ئېتىم ئۆچمەي ئۆتەي دېسەڭ، دائىم ئۇلۇغلارنى يادىڭدا تۇتقىن.

سەئدى: «بوستان» دىن

تۇنجى گۇناھ ئۇقماسلىقتىن بولىدۇ، ئۆزرە ئېيتىپ قالسا ئۇنى ئەپۇ قىل، گۇناھىغا توۋا قىلسا كۇپايە.

سەئدى: «بوستان» دىن

ساختىپەزلەر ئەھلىنى ئۇلۇغلىساڭ، كۆپ ۋاقىت سىنى دەرد ـ ئەلەمدە قويار.

سەئدى: «بوستان» دىن

بىر ئادەمنى كۆپ ۋاقىت سىنىماستىن، ئېنىق ئەھۋالغا ئېرىشمىگىچە ئىشەنمە... 

سەئدى: «بوستان» دىن

كۆڭلۈڭنىڭ رەنجىشىنى ئىستىمىسەڭ، سەن زىنھار باشقىلارنى رەنجىتمىگىن.

سەئدى: «بوستان» دىن

يۈكسەك نىيەتتە بولساڭ، غەپلەتتە ياتما. ئۇلۇغلارغا بىغەم ئۇيقۇ ھارامدۇر.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئازار بەرگۈچىدىن ئىت ياخشى.

سەئدى: «بوستان» دىن

دۈشمىنىڭگە كار قىلمىغان قورالىڭ، ئۆز قولۇڭدا سۇنغىنى ياخشىراقتۇر.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئەگەر قەلەمگە قىلىچ تەڭلەپ تۇرساڭ، ئۇمۇ ئىنسان قەلبىنى تىترىتىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

قېرى ئادەم ھامان تەدبىرلىك بولار، ئۇلارنىڭ پىكرىدىن باش تارتمىغىن، قېرى ئەقىل، ياشلار قىلىچ ئىشلەتسە يۈكسەك تۆمۈر قەلئەلەرمۇ ئاغدۇرۇلار.

سەئدى: «بوستان» دىن

ياشلار شىرنىمۇ، پىلنىمۇ يېڭەلەيدۇ، بىراق تۈلكە داستانىدىن بىخەۋەر.

سەئدى: «بوستان» دىن

www.uyghurkitap.com

ئاتام پۈت دەسسەپ ھايات تۇرغىنىدا، شاھ ئىسمىكى، بېشىم ئۆزرە تاجىم بارئىدى. يۇزۇمگە بىرەر پاشا قونۇپ قالسا ھەتتا قوللۇم - قوشۇنلارمۇ ئەنسىرەيتتى. مانا ئەمدى سەئىدى: «دۇشمەن ئەسىر قىلسا ھېچكىم يۆرەكلىك ياردەم بېرەلمەيدۇ،

سەئىدى: «بوستان» دىن

ناھايىتى ئۇزۇن يوللار چۇشۇڭلار بىلەن ئوڭۇڭلار ئارىسىغا سوزۇلغان، ھەرىكەتلىڭلار بىلەن ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭلارنى كېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

سىلەر چۇشۇڭلار ئىلكىدە ئۆسۈپ يېتىلىسىلەر، چۇشۇڭلاردا تېخىمۇ ئەلۋەك تۇرمۇش كەچۈرىسىلەر. كۇندۇزلىرىڭلاردىن مىننەتدار بولساڭلار، جىمجىت كېچىلەردە ئېرىشكىنىڭلارغا تەشەككۇر ئېيتىسىلەر.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

سىلەر دائىم ئويلىنىسىلەر ھەمدە كېچىنى دەم ئالىدىغان ۋاقىت دەيسىلەر، ئەمەلىيەتتە كېچە ئىزدىنىش ۋە روھلىنىش ۋاقتى ئىدى.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن



كۇندۇزلەر سىلەرگە قوبۇل قىلىش سەنئىتىنى ئۆگىتىپ، بىلىم قۇۋۋىتىڭلارنى ئاشۇرسا، كېچىلەر سىلەرنى ھاياتلىق خىزنىسىگە باشلاپ بارىدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

قۇياش پۈتكۈل مەۋجۇدىيەتنى نۇرغا ئىنتىلدۇرسە، كېچىلەر

پۇتكۇل مەۋجۇدىيەتنى يۇكسەلدۇرۇپ يۇلتۇزلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

جىمجىت كېچىلەر ئورمانزاردا ۋە باغلاردىكى گۇل - چېچەك شاخلىرىدا توي كىيىمى توقۇيدۇ، ئاندىن ھۇجرىنى سەرەمجانلاش-تۇرۇپ مول داستىخان يايىدۇ. مانا بۇ مۇقەددەس جىمجىت كەيپى-ياتتا ۋاقىت ئانا«ئەتە» گە ئاستا - ئاستا ھامىلىدار بولىدۇ.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

سۇبھىدىكى ئويغىنىشىڭلار گەرچە چۇشۇڭلارنى ئۇزۇۋەتسى-مۇ، ئەمما چۇشۇڭلاردىكى مول داستىخان سىلەر ئۇچۇن داۋاملىق ئېچىلىپ تۇرىدۇ، ئاشۇ ئېسىل ھۇجرىمۇ سىلەرگە ھامان ئوچۇق.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

سىلەر گەرچە جىسمىڭلار بىلەن ھەرىكەت قىلساڭلارمۇ، سىلەر روھ. بۇ خۇددى كېچىدە نۇرغۇنلىغان ئوتقاشلارنىڭ يېنى-شىدىن قەتئىينەزەر، ياغىنىڭ كۆيۈۋەرگىنىگە ئوخشاش ئىش.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

ۋۇجۇدۇڭلاردىكى مەڭگۇلۇك مەيلى كۇندۇز ياكى كېچىلىرى بولسۇن، ھامان ئەركىن. ئۇنى ھېچ نەرسە چەكلىيەلمەيدۇ ھەم تو-سۇپ قالالمايدۇ. مانا بۇ ئەڭ ئالىي ياراتقۇچىنىڭ خاھىشى. سىلەر گويا شامالغا ئوخشاش تۇتقىلى ۋە سولاپ قويغىلى بولمايدىغان تى-نىق، مەنمۇ ئوخشاشلا شۇنداق.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

سېنىڭ رەزىل دەپ ئاتىغىنىڭ ئەمەلىيەتتە سەن ئەزەلدىن تەكتىگە يېتىپ باقمىغان، چوڭقۇرلۇقىغا كىرىپ بېقىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خالىمىغان شەيئى ئەمەسمۇ؟!

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

رەزىللىك دېگەن زادى نېمە؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلسە، ئۇ كۆزىمىزدىكى چاپاق ۋە قۇلىقىمىزدىكى كىرگە ئوخشاش نەرسە. دوستۇم، ھېچقانداق شەيئىنى رەزىل دەپ ئاتىمىغىن، چۈنكى رەزىللىك پەقەت روھىڭلارنىڭ ئۆز ئەسلىمىسىدىكى قورقۇنچتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

بىزنىڭ ئۆزگىرىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئىدىيىمىز پەسىللەرگە ئوخشىشىدۇ، ئەمەسمۇ؟! باھار پەسلى قەلبىڭلارنىڭ ئويغىنىشى، ياز پەسلى مول مېۋە بەرگەنلىكىڭلارنىڭ ئىسپاتى؛ كۈز پەسلى بولسا ھاياتىڭلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بوۋاق بالىنىڭ قەدىمكى بۆشۈك ناخشىسى ئەمەسمۇ؟! قىش پەسلىگە كەلسەك، سىلەردىن شۇنى سوراپ باقاي، ئۇ باھار، ياز، كۈز پەسىللىرىنىڭ چۈشلىرىنى ئاپىرىدە قىلغان ئۇيقۇ بولماي نېمە؟!

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

بىز ھەممىمىز پارازىتلاردىن. بىز جاپالىق ئەجىر قىلىپ، لاي ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى ھاياتلىققا ئايلاندۇرىمىز. بىراق، بىز ئاشۇ لاي ۋە ئوت ـ چۆپنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇلاردىن بىۋاستە ھاياتلىق سۈمۈرگۈچىلەردىن ئۈستۈن تۇرمايمىز.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

ھايات بەخش ئەتكەن تەشنالىقتىن مىننەتدار بولغىن. قەلبىڭدە تەشنالىق بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا قەلبىڭنىڭ سۈسىز

دېڭىز ۋە قاقاس چۆللەردىن پەرقى يوق. ئۇنداق يەرلەردە مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان دولقۇنلارمۇ، ناخشا سادالىرىمۇ بولمايدۇ.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

خۇددى شادلىققا تولغان جامىڭنى يالغۇز كۆتۈرگىنىڭگە ئوخشاشلا، غەم ـ ئەندىشىگە تولغان جامىڭنىمۇ يالغۇز كۆتۈرگىنىڭ ياخشى.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

جىمى نەرسىلەر كۈندۈز قوينىدا ۋە كېچە يۈكسەكلىكىدە جۇش ئۇرۇپ ياشاۋاتىدۇ. سىز ئەسلىدە ئاشۇ تاش بىلەن ئوخشاش شەيئى ئىدىڭىز، ئوخشاشمايدىغىنى پەقەت تومۇرۇڭلارنىڭ سوقۇشىدۇر. سىزنىڭ يۈرىكىڭىز ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تېزرەك سوقىدۇ، خالاس. شۇنداقمۇ دوستۇم؟ بۇ راست، سىزنىڭ يۈرىكىڭىز تېزرەك سوقسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ يۈرىكىدەك تىنچ ھەم بىمالال سوقالمايدۇ.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

ئەگەر بىخەستەلىكىڭىزدىن تاشقا پۇتلىشىۋېلىپ، ئۇنى قارغىسىڭىز، ئۇنداقتا بېشىڭىز يۇلتۇزلارغا تېگىپ كەتسە، ئۇلارنىمۇ قارغايسىز. ئەمما، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز خۇددى كىچىك بالىلارغا ئوخشاش تاغ جىلغىلىرىغا بېرىپ، ھەر خىل گۈل ـ چېچەكلەرنى ئۈزۈپ، تاش ـ شېغىللارنى تېرىپ يىغىپ ئوينىغان چېغىڭىزدا، بارلىق شەيئىلەردە ھاياتلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ خۇش پۇراق چېچىپ تىنمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالىسىز.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

سۆيۈملۈك ھەمراھلىرىم! تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار،

يۈرىكىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرەكنى، سۆيگۈڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇھەببەتنى، روھىڭلاردىن تولۇپ تاشقان بىر روھنى، ئاۋازىڭلار سىڭگەن بىرخىل ئاۋازنى، جىمجىتلىقىڭلاردىمۇ چوڭقۇر ھەم چەكسىز بىر خىل جىمجىتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار. سىلەر زېمىنغا ئۇرۇق چاچساڭلار، تېخىمۇ يۇقىرى جايغا يېتىسىلەر؛ قوشناڭلارغا سۇبھى گۈزەللىكىدىن شادلىنىپ توۋلىغان چېغىڭلاردا، تېخىمۇ پايانسىز دېڭىزدىن ھالقىپ بولغان بولىسىلەر.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

يالىڭاچ كىشىلەرلا قۇياش نۇرى ئىچىدە ياشىيالايدۇ؛ پەقەت ئاددىي - ساددا كىشىلەرلا شامال ھارۋىسىنى ھەيدىيەلەيدۇ؛ يالغۇز مۇساپىر بولۇپ، مەرتەم - مەرتەم ئېزىپ يۈرگەن كىشىلەرلا ئۆز يۇرتىغا قايتالايدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

رولسىز رولچىلار تېخىمۇ پايانسىز دېڭىزدا دولقۇن كېزەلەيدۇ؛ كېچە بىلەن ئوخشاش قاراڭغۇلۇقتىكى كىشىنىڭ قەلبىلا سۇبھى بىلەن تەڭ ئويغىنالايدۇ؛ قار ئاستىدا يېتىزلار بىلەن بىللە ئۇخلىغان كىشىلا باھار پەسلىگە ئۇلىشالايدۇ. بۇلار سىلەرنىڭ يېتىز بىلەن ئوخشاش بولغانلىقىڭلاردىندۇر. شۇنداق، سىلەر ئاشۇ يېتىزلارغا ئوخشاش ئاددىي - ساددا، بىراق زېمىندىن ئەقىل - پاراسەت ئالغان. سىلەر سۈكۈت قىلىۋاتىسىلەر، ئەمما سىلەرنىڭ تېخى بىخ سۈرمىگەن غول - پۇتاقلىرىڭلار، شاخ - يوپۇرماقلىرىڭلار ئارىسىدا باھار ۋالىسى يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

ئاز گەپ بىلەن گۈزەل ھەقىقەتنى ئىپادىلەڭلار، ئەمما تېتىقسىز سۆزلەر بىلەن بىر بەتبەشىرە ھەقىقەتنى ئىپادىلىمەڭلار. سۇمبۇل چاچلىرى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان قىزلارنى سۇبھى قىزلىرى دەڭلار. بىراق، بىر ئەمانى ئۇچراتقان چېغىڭلاردا، ئۇنى قاراڭغۇ كېچىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىماڭلار.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

ئۇن چىقارماي جىم تۇرۇش ياش تۆكۈپ زارلىنىشتىن قىيىنراق، ھالاكەتلەرنىڭ قورقۇنچى ۋە زۇلمىدىنمۇ ئارتۇقراق. جىم تۇرۇش ئالىيجاناب كۆڭۈللەرنى گويا ئېگىز ياردىن قايىنامغا تاشلايدۇ. بۇ جىمجىتلىق بوران ـ چاپقۇندىن دېرەك بېرىدۇ.

جىبران: «ئاشىقنىڭ قايتىپ كېلىشى» دىن

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى پەرەز ۋە قىياسلار بىلەن ئېچىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

ئادەملەر توخۇ يۈرەك، بوراننىڭ شەپىسى كېلىشىگە كامار ـ ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن



قۇشلاردا ئادەم سازاۋەر بولالمايدىغان ئىززەت ـ ھۆرمەت بار. ئىنسانلار ئۆزلىرى بېكىتكەن قانۇن ۋە ئەنئەنىنىڭ ئاسارىتىدە ياشايدۇ. ئەمما، قۇشلار ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋە مۇتلەق قانۇنىيەتلىرى بويىچە ھايات كەچۈرىدۇ. دەل مۇشۇ خىل قانۇنىيەت يەر شارىنى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

www.uyghurkitap.com

«ئېتىقاد باشقا گەپ، شۇ بويىچە ئىشلەش يەنە باشقا گەپ» دېدى ئۇ بىر قولىنى كۆتۈرۈپ تەرسالىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن: «نۇرغۇن ئادەملەر سۆز قىلغاندا بەئەينى دېڭىزغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھاياتى خۇددى لاي ئازگىلىغا ئوخشايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر باشلىرىنى تاغ چوققىسىدىنمۇ ئېگىز كۆتۈرۈۋالىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلى قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈردە ئۇخلايدۇ».

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

بىز ھەممىمىز ئەزەلدىن خۇداغا سېغىنىپ، پانىي ئالەمدىن قول ئۈزۈش ئۈچۈن ئالەمدىكى بارچە ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە خۇشاللىقتىن ۋاز كېچىش، ئاش - تاماق يېمەستىن سۇ ۋە كۆكتاتلارغا قانائەت قىلىش كېرەك، دەپ تونۇپ كەلدۇق.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

مەن شەھەرنىڭ غايەت زور، باراقسان، ئەمما چىرىگەن قېرى دەرەخ ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم. يىلتىزى يەرنىڭ قاراڭغۇ تەكتىگە چوڭقۇر ئورناشقان، ئۇنىڭ شاخلىرى بۇلۇتلاردىن ھالقىغان، چېچەكلىرى — ئاچ كۆزلۈك، چۈشكۈنلۈك ۋە ياۋۇزلۇقتۇر، مېۋىسى — نالە - پىغان، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە ھەسرەت - ئەلەمدۇر. بەزى ئىسلاھاتچىلار كېسىپ - ئۇلاش چارىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇشتى، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي، ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا بېرىپ قالدى، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتى.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

چۈشىدە يەن ـ بىلىمنىڭ غۇۋا سايىسىدە ئۆزىنى كۆرۈپلا، ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن ھېسابلايدىغان، كۈندۈزلىرى ھەقىقەتنىڭ ئاز ـ تولا شولىسىنى كۆرۈپلا، مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدىم دەيدىغان كىشىلەر بىلەن بىر داستىخاندا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولدۇم. مۇلايىملىقنى ئاجىزلىق، كەڭ قورساقلىقنى توخۇ يۈرەكلىك، ئالىيجانابلىقنى ھاكاۋۇرلۇق دەپ تونۇيدىغان نادان، ئەرزىمەس ئادەملەرگە خۇشامەت قىلىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولدۇم.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

مەن سىياسەتۋازلاردىن بىزار بولدۇم. ئۇلار دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى بىلەن ئوينىشىدۇ، ياغلىما سۆزلەر بىلەن خەلقنى ئالدايدۇ ۋە قايمۇقتۇرىدۇ.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

مەن روھانىي ۋە پوپلاردىن بىزار بولدۇم. ئۇلار خەلققە قىلىڭلار دېگەن ئىشنى ئۆزلىرى قىلمايدۇ، باشقىلارغا ھەرخىل تەلەپلەرنى قويىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىگە شۇنداق تەلەپنى قويمايدۇ…

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن



دوختۇر بىمار ساقىيىش ياكى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدۇ.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

ساختىلىق ھەر قانچە بېزەلگەن بىلەنمۇ بەرىبىر ساختىلىق؛ ئالدامچىلىق ھەرقانچە يۇمشاق تۇسكە كىرسىمۇ بەرىبىر ئالدامچىلىق؛ پىتنە ـ پاسات تاۋار ـ دۇردۇنغا ئورىلىپ، ئوردا ـ قەسىرلەردە

تۇرغىنى بىلەنمۇ بەربىر راست گەپكە ئايلىنالمايدۇ؛ ئاچ كۆزلۈك بىلەن قانائەت ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىقنى ۋە ئۇلارنىڭ بولىدىغانلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ چىققان تەقدىردىمۇ، ئاچ كۆزلۈك بەربىر قانائەتكە ئايلانمايدۇ. ياۋۇزلۇق ھەتتا بىرەر زاۋۇت ياكى ئالىي مەكتەپتە سادىر بولغان تەقدىردىمۇ، بەربىر گۈزەل ئەخلاققا ئايلانمايدۇ...

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

بارلىق ئىختىرا، كەشپىيات كىشىلەر دىلخەستە بولغان چاغلىرىدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنچۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. قاتناشنىڭ راۋاجلىنىشى، تاغلارنى تۈزلەپ باغ بىنا قىلىش، دېڭىز ـ ئوكيان ۋە ھاۋا بوشلۇقىنى بويسۇندۇرۇشقا كەلسەك، بۇلار ئىس ـ تۈتەككە تولغان ئالدامچىلىقنىڭ مېۋىلىرى. ئۇلار كىشىلەرنى زوقلاندۇرالمايدۇ. بىلىم ـ مەرىپەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت دەپ ئاتالغان تېپىشماققا كەلسەك، ئۇ پەقەت ئالتۇندىن ياسالغان كويزا ـ كىشەن. كىشىلەر ئۇنى سۆرەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ پارقىراشلىرى ۋە جاراڭلاشلىرىدىن خۇشاللىنىدۇ، بۇ خۇددى تارىختىن بۇيان كىشىلەرنىڭ قاپقان ـ تۇزاقلار ئۇچۇن تۆمۈر تۇۋرۇك ۋە پولات سىم ياساپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىكى تۇتقۇنغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمىگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش...شۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەممە ئىشى ساختا، بارلىق غەرىزى، مەقسىتى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنىڭ ھەممىسى ساختا، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ساختا. ئەمما، ھاياتنىڭ تۇرلۇك ساختىلىقلىرى ئىچىدە يۈرەك سۆيۈنگۈدەك، سېغىنغۇدەك بىرلا، پەقەت بىرلا نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ روھىي جەھەتتىكى ئويغىنىش، بۇ ئويغىنىش روھىي دۇنيانىڭ ئەڭ

چوڭقۇرىدىكى ئويغىنىشتۇر، ئۇ ئادەمنىڭ ئىچىدا تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇرىدىغان غىل - پاللا كۆرۈنگەن خىيال. ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى قانائەتلەندۇرىدۇ. ئادەم گويا ھاياتنىڭ زېمىن بىلەن بىپايان ئاسمان ئوتتۇرىسىدا يورۇقلۇق مۇنارىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى نۇر چەمبىرەكلىرى ۋە ناخشا سادالىرى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. ئۇ ۋىجدان مەشئىلىنىڭ ئادەم قەلبىنىڭ چوڭقۇرىدا توساتتىن چاقنىشى بولۇپ، ئۆز ئەتراپىدىكى ھەممە قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، لاۋۇلداپ - يالقۇنجاپ بىپايان بوشلۇققا ئۆرلەيدۇ. ئۇ ئادەم قەلبى سازاۋەر بولغان بىر خىل ھېس - تۇيغۇ. بۇ خىل ھېس - تۇيغۇ شۇ ئادەمدە ئۆز خاھىشىغا مۇخالىپ بولغان ھەممە نەرسىنى غەلىتە، رەزىل دەيدىغان تونۇش پەيدا قىلىدۇ، ئۇ ئادەم ئۆزىگە نالايىق ھەممە نەرسىدىن بىزار بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆز سىرلىرىنى چۈشەنمىگەن ئادەملەرگە قارشى تۇرىدۇ.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

تاڭ نۇرىنى سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتكەن ئادەمگە جەزمەن تاڭ ئاتىدۇ. يورۇقلۇقنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان ئادەم جەزمەن يورۇقلۇقنى سۆيىدۇ.

جىبران: «تاڭ ئالدىدا» دىن



كىمكى تاڭ بىلەن بىللە ناخشا توۋلىمىسا، ئۇ قاراڭغۇ تۈن ئوغلىدۇر.

جىبران: «تاڭ ئالدىدا» دىن

ئەسلىمە — ئۇچرىشىشنىڭ بىر خىل شەكلى.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئادەمگەرچىلىك —ئەبەدىيلىك، بۇرۇنقى زاماننىڭ ئەبەدىيلىك كەلگۈسىگە ئاققان نۇر دەرياسىدۇ.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

قاپقاراڭغۇ يولدىن ماڭماي تاڭغا يەتكىلى بولمايدۇ.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

بىر ئادەمنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدە ئەمەس، بەلكى نەتىجىلەرگە ئىنتىلىدۇرگەن نەرسىدە.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

بىر كىشى خىيالغا چۆككەندە، خىيالنىڭ غوۋۋا ھوزۇرىنى ھەقىقىي شاراب ھېسابلايدۇ.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

سىزنىڭ ھاراق ئىچىشتىكى مەقسىتىڭ مەست بولۇش، مېنىڭ ھاراق ئىچىشتىكى مەقسىتىم باشقا بىر مەستلىكتىن يېشىلىش.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

مەن ماڭغانلار بىلەن بىللە مېڭىشنى خالايمەن، ئۆتۈۋاتقانلارغا قاراپ تۇرۇشنى خالىمايمەن.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئەگەر بىر تۈپ دەرەخ ئۆز تەرجىمىھالىنى يازىدىغان بولسا، ئۇ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

خۇددى بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا ئوخشىغان بولاتتى.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

سەن ھاياتلىق مەركىزىگە يەتكەندە، ھاياتلىقتىن، ھەتتا گۈزەللىكنى كۆرەلمەيدىغان ئادەمنىڭ كۆزىدىمۇ گۈزەللىكنى تاپالايسەن.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم ئارقىلىق كۆزىدىكى ئۆچمەنلىكنى يوشۇرۇۋالغان كىشى نېمىدېگەن دۆت ـ ھە!
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ھايات ماڭا ئالتۇن، مەن ساڭا كۈمۈش بەرگەندە، مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى مەرد ھېسابلايمەن. بۇ ماھىيەتتە نېمىدېگەن پەسكەشلىك ـ ھە!
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

سەن ھاياتلىق مەركىزىگە يەتكەندە، ئۆزۈڭنىڭ گۇناھكاردىن يۇقىرى، ئەۋلىيادىن تۆۋەن ئەمەسلىكىڭنى بايقايسەن.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

بىر ئادەم ئىككى خىل ھالەتتە بولىدۇ: بىرى، قاراڭغۇلۇقتا ئويغاق؛ بىرى، ئاپتاپلىقتا ئۇخلايدۇ.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئېتىقاد — يۈرەكتىكى بوستان، كارۋان ئۇنىڭغا ئەبەدىي يېتەلمەيدۇ.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

www.uyghurkitap.com

ئەي دۇنيا، مۇئەللەقنى گۈزەل روھلار بىلەن تولدۇرغان ئادەملەرنى ھۆرمەتلە! ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ قولىقى بىلەن كۆرۈشنى، قەلبى بىلەن ئاڭلاشنى ئۆگەتكەن ئادەملەرنى ئىززەتلە! ئامىن!

جىبران: «راسدىي كۈيى» دىن

غايە بىلەن ھېسسىيات مەڭگۈ يوقالمايدىغان روھ. ئۇلار بەزىدە يوشۇرۇنۇۋېلىشى، غايىب بولۇشى، بەزىدە كەچكى قۇياشقا، تاڭدىكى ئايغا ئوخشاش مىدىرلىماي جىم يېتىۋېلىشى مۇمكىن، ئەمما ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

جىبران: «دەۋران كۈلى ۋە مەڭگۈلۈك يالقۇن» دىن

بىز كۆپىنچە ۋاقتىمىزنى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان شەھەرلەردە ئۆتكۈزىمىز. يېزىلاردىكى چەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى تۇرمۇشتىن ئانچە خەۋىرىمىز يوق. بىز ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ، گۈزەل،چىن، ساپ ۋە يۈكسەك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئۇنتۇپ كەتكۈچە ياكى ئۇنتۇپ كېتەي دېگۈچە ماڭىمىز. تۇرمۇشقا قاراپ باقايلى، ئۇ باھاردا تەبەسسۇم قىلىۋاتقان، يازدا ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋالغان، كۈزدە مول ھوسۇل ئېلىۋاتقان، قىشتا ئارام ئېلىۋاتقان بولىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ھەربىر باسقۇچى بىزنىڭ ئۆلۈغ تەبىئەت ئانىمىزغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ پۇل ـ بايلىقىمىز سەھرادىكىلەرنىڭكىدىن كۆپ بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبى بىزنىڭ قەلبىمىزدىن يۈكسەك. بىز نۇرغۇن يەرلەرگە ئۇرۇق چاچساقمۇ، ئەمما بىر باش چامغۇر چاغلىق ھوسۇل ئالالمايمىز، ئۇلار بولسا نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدۇ. بىز ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنىڭ قۇلى، ئۇلار بولسا ئىشتىن قانائەت قىلىدىغانلار، بىز ھايات جامىدىن

دەرد ـ ئەلەم ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق مەي ـ شارابلارنى ئىچىمىز، ئۇلار بولسا زىلال، لەزىز بۇلاق سۈيىنى ئىچىدۇ.
جىبران: «بەننىلىك مارتا» دىن

ئادەمنىڭ ياشلىق باھارى گۈزەل بىر چۈشكە ئوخشايدۇ. ئەمما، كىتابلاردىكى نۇرغۇن تېپىشماقلار ئەنە شۇنداق ساماۋى چۈشلەرنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا شەپقەتسىز رېئاللىقنى پەيدا قىلىدۇ. تەنھا ـ ئەيىبلەشلەردىن يىراقلاشقان قەلبلەرنى بىر يەرگە ئەكېلىدىغان، دانىشمەنلەرنىڭ چۈشلىرى بىلەن شادلىقى بىرلىشىدىغان؛ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىنسانلارنىڭ ئوقۇشلۇقىغا ئايلىنىدىغان شۇنداق كۈنلەر كېلەرمۇ؟! تۇرمۇش مەكتەپكە ئايلىنىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟! بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما، بىزنىڭ روھىيەت پەلسەپىسىگە قاراپ ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتقانلىقىمىز ماڭا ئايان. بۇنداق ئۆرلەش دەل بىزنىڭ روھىمىز ئارقىلىق جىمى مەۋجۇدات توغرىسىدىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ۋە گۈزەل، ئوتلۇق مۇھەببەتنى چۈشىنىدۇ.
جىبران: «بەننىلىك مارتا» دىن

ھاياتلىقتا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىمىز بىزنى ئېتىز ـ داللارغا باشلاپ بارسۇن.
جىبران: «ساراڭ جون» دىن



ھايات —ماماتتىن ئاجىز، مامات— مۇھەببەتتىن ئاجىز.
جىبران: «تۆشەك» تىن

ھەي، توخۇ يۈرەكلەر، ماڭا يېقىنراق كېلىڭلار! ئۆلۈم كۆلەڭگىسىدىن قورقماڭلار. ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ئۇلۇغ بولىدۇ، ئۇ

سىلەردەك چاكىنا ئادەملەرگە يېقىنلاشمايدۇ.

جىبران: «تۆشۈك» تىن

مېھرىبانلىق بىلەن رەھىمسىزلىك ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئېلىشىدىكەن. مېھرىبانلىق ھامان رەھىمسىزلىكتىن غالىب كېلىدىكەن، چۈنكى، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداق. كۈندۈز يېتىپ كەلسە، كېچە ۋەھىمىسى ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

جىبران: «مۇرتەت خىلىل» دىن

بىر ئادەم ئىرادىسىدىن، تەپەككۇرىدىن، قىزىقىشىدىن ۋە جىمى روھىي ھالەت پائالىيەتلىرىدىن ئايرىلغاندىلا ئاندىن موناخ بولالايدىكەن.

جىبران: «مۇرتەت خىلىل» دىن

ئادەم پەقەت شەيئىلەرنى كۆرەلمەيدىغان، گەپ قىلالمايدىغان، تۇيغۇسىنى يوقاتقان چاغلاردىلا ئېپىسكوپنىڭ نەزىرىدە موناخقا ئايلانغان بولىدۇ.

جىبران: «مۇرتەت خىلىل» دىن

كىمكى ھازىرقى ھاياتىدا بۇ دۇنيادىكى ئەرشئەلانى كۆرەلمىسە، ئاخىرقى زاماندىكى ئەرشئەلانىمۇ كۆرەلمەيدۇ. بىز بۇ دۇنياغا پەس ئاققۇن بولغىلى ئەمەس، بەلكى كىچىك بالا سۈپىتىدە كېلىپ ھاياتنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆگەنگىلى، سىرلىرىنى بىلگىلى، مەڭگۈلۈك روھقا تېۋىنغىلى، ئىچكى دۇنيالىرىمىزنى تەكشۈرگىلى كېلىمىز.

بىز كۆرۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئازابلىرى بىزنىڭ راھەت - پاراغەتلىرىمىزدىنمۇ بۈيۈك، گۈزەل. بىز ئۆزىمىز ھېس — سىرداشلارنىڭ

قەلب قەسىرىدىن كەلگەن — مېھرىبانلىق موناستىردىكى ئادەم-لەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىدىن يۇكسەك. چۈنكى، بىزنىڭ ئاجىز-لارغا، گۇناھكارلارغا ۋە چۈشكۈنلەشكەنلەرگە بەرگەن تەسەللىلىرى-مىز چېركاۋدىكى ئۇزاق دۇئا - تىلاۋەتلىرىمىزدىن كۆپ ئۇلۇغدۇر.

جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

ئېسىل نەسەبكە ۋارىسلىق قىلغان ئوغۇل ئاجىز - ئورۇقلار-نىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆز قەسىرىنى سالىدۇ.

جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

پوپ رايىش مۇرىتلارنىڭ قەبرىسىگە ئۆزىنىڭ چېركاۋىنى سالىدۇ. پادىشاھ بىچارە دېھقانلارنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇپ بېرىدۇ، پوپ ئۇلارنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرىدۇ. ھۆكۈمران قوشۇمىسىنى تۈ-رۈپ ئېتىز - دالىلارنىڭ ئوغلانلىرىغا قارايدۇ، كاھىن ئۇلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىدۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن يولۋاس بىلەن ھىجىيىپ تۇرغان بۆرە ئوتتۇرىسىدا قوي جېنىدىن ئايرىلىدۇ. ھۆكۈمران ئۆ-زىنىڭ قانۇنىغا، پوپ ئۆزىنىڭ دىنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ماددىيلىق ۋە روھىيەت يوقىلىدۇ.

جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

گۇناھكارنى گۇناھكار سوراق قىلمايدۇ. يىرگىنچلىك مۇر-

www.uyghurkitap.com

تەت سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەر ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىمايدۇ.

جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

ئادەم شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان ھامان قۇلغا ئايلىنىدۇ.

جىبران: «مەغلۇبىيەتچىنىڭ پورترېتى» دىن

ئادەم ئۆز قەلبىنى چۈشەنگەن ھامان ئۇنىڭ ھاياتلىق كىتابى يېپىلىدۇ.

جىبران: «مەغلۇبىيەتچىنىڭ پورترېتى» دىن

ئادەم توققۇزى تەل بولغاندا، ئۇنى تۇپراق ئۆز قوينىغا ئالىدۇ.

جىبران: «مەغلۇبىيەتچىنىڭ پورترېتى» دىن

ئادەم —مېۋە، پىشقان ھامان شاختىن ئايرىلىدۇ.

جىبران: «مەغلۇبىيەتچىنىڭ پورترېتى» دىن

گەرچە بىز نۇرغۇن دەۋرانلارنىڭ تۆرەلگەنلىكى، كامالەتكە يەتكەنلىكى ۋە ئاخىر گۇمران بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەن بولساقمۇ، ئەمما ھېلىھەم ئىنتىزارلىقتا ياشايمىز ۋە ياشلىق باھارىمىز ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

جىبران: «چىراي» دىن

بىز ياش. بىز ئىنتىزارلىقتا ياشايمىز، ئەمما بىر ـ بىرىمىزگە

قوشۇلماي تەنها ياشايمىز. گەرچە بىز تا بۇگۈنگە قەدەر يېرىم - يارتا قۇچاقلىشىپ، ئايرىلماي كەلگەن بولساقمۇ، قىلچە ھۇزۇر - لەززەت سەزمىدۇق. ئارزۇ - ئىستەك چەكلىمىگە ئۇچراۋاتسا، يالقۇنلۇق مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىدىغان جاي بولماستىن، ھۇزۇر - لەززەتتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟!

جىبران: «چىراي» دىن

بىر ئىنساننىڭ شۇملۇق ئالامىتى يەنە بىر ئىنساننىڭ ياخشىلىق ئالامىتى بولىدۇ.

جىبران: «شىرنىڭ قىزى» دىن

دېڭىز بويىدىكى ساياھەتكە ئاتلىق كېلىشتىن ئارتۇق دۆتلۈك بولمايدۇ.

جىبران: «تەقرىزچى» دىن

ئىلغارلىق بار نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىش - ياخشىلاشتا ئەمەس، سادىر بولۇشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرگە قاراپ ئىلگىرىلەشتە ئىپادىلىنىدۇ.

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن



جىم بولۇۋېلىش — چۇمپەردە، ئۇ تەكەببۇرلۇقۇڭنى يوشۇ-رىدۇ؛ شىكايەت — نىقاب، ئۇ چىرايىڭدىكى دەرد - ئەلەمنى يوشۇ-رىدۇ.

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

ياۋايى ئادەم ئاچ قالسا، دەل - دەرەخلەردىكى مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەيدۇ؛ مەدەنىيەتلىك ئادەم ئاچ قالسا، مېۋە ئۈزگەن ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى

قولىدىكى مېۋىنى سېتىۋېلىپ يەيدۇ.

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

بەزى كىشىلەر كەڭ قورساقلىقىمنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، مېنى قەستەن غەزەپلەندۈرىدۇ.

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

ئادەمنىڭ كۆزى مىكروسكوپ، ئۇ ئالەمنى چوڭ قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

بەلكىم بىز ئەڭ مۈشكۈل دېگەن ئىشلار ئەڭ ئاسان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن.

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

كىشىلەر ماڭا: «ئەگەر سەن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قۇلنى كۆرگىنىڭدە، ئۇنى ھەرگىز ئويغاتما، بەلكىم ئۇ ئەركىنلىكنى چۈشەۋاتقاندۇر» دەيدۇ. مەن ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قۇلنى كۆرگەندە ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا ئەركىنلىك ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار »دەيمەن.

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

سەن تاماقنى تېز يەيسەن، يولنى ئاستا ماڭىسەن، لېكىن ھەرگىز تاماقنى پۇتۇڭ بىلەن يېمە، يولنى ئاغزىڭ بىلەن ماڭما!

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

يىرگىنچ ئۆزۈمنى قوغداش قورالىم بولمىغان ھەرقانداق

ۋاقىتتا ھەرقانداق نەرسىدىن يىرگەنگەن ئەمەسمەن؛ ئەمما مەن ئا-
جىز بولمىساملا، ئۇنداق قورالنى ئىشلەتمەيمەن.
جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

كىشىلەر كۆزۈمنى ئۆتكۈر دېيىشىدۇ، چۈنكى مەن ئۇلارنى
غەلۋىر تۆشۈكىدىن كۆزىتەرمىشمەن.
جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن

ناۋادا بىر ئادەم يېقىن دوستىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۆز ئەتراپىدا
نۇرغۇن دوستلارنى تېپىپ، سەۋر قىلىپ، كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇشى
مۇمكىن. ناۋادا بىر ئادەم زىيان تارتىپ قالسا، بىر پەس ئويلىنىپ،
ئۆزىگە روزغار يارىتىپ بەرگەن ھاياتى كۈچىنىڭ ئۇنىڭغا يەنە
شۇنداق دۇنيا يارىتىپ بېرەلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەندە،
بەختسىزلىكىنى ئۇنتۇپ، خاتىرجەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.
ئەمما، مۇبادا بىر ئادەم روھىي جەھەتتىكى خاتىرجەملىكتىن ئاي-
رىلىپ قالسا، ئۇنى قەيەردىن ئىزدىشى، ئۇنىڭ ئورنىنى نېمە بىلەن
تولدۇرۇشى مۇمكىن؟!
جىبران: «ۋالىدە» دىن

ئەگەر سەن تۇرمۇشتا ئىگە بولىدىغان نەرسىنى بىر قۇش
دېسەڭ، ئۇنى ياخشى كۆرسەن، پۇتۇن يۇرەك قېنىڭ بىلەن باقى-
سەن، كۆز نۇرلىرىڭ بىلەن سۇغىرىسەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆز قو-
ۋۇرغاڭنى قەپەس، كۆڭلۇڭنى راھەتلىك ئۇۋا قىلىپ بېرىسەن. دەل
سەن قۇشقا زوقلىنىپ قاراپ، قەلبىڭ نۇرلىرى بىلەن ئۇنىڭ قا-
ناتلىرىنى تاراۋاتقان چېغىڭدا، كۇتمىگەندە ئۇ قولۇڭدىن ئۇچۇپ
چىقىپ، بۇلۇتلار ئۇستىدە جەۋلان قىلىدۇ، ئاندىن باشقا بىر

قەپەسكە كىرىپ كېتىدۇ.

جىبران: «ۋالىدە» دىن

بەخت رىشتىلىرى ئۆزئارا چىرمىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى سۆيىدىغان ئىككى يۈرەكنىڭ قۇچاقلىشىشلىرىدىن پەيدا بولغان.

جىبران: «ۋالىدە» دىن

سىز مانا بۇ شۆھرەت، ئابروي ۋە بەختنىڭ سىمۋولى بولۇپ تۇرغان ئىمارەتلەرگە ياخشىراق قاراڭ. بۇلار خورلۇق، ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە بەختسىزلىكنى يوشۇرۇپ تۇرىدىغان غارلاردۇر، ياساپ ـ جابدۇپ قويۇلغان گۆرىستاندۇر. بۇيەرلەردە ئۇيا ـ ئەڭلىكلەر بىلەن ئۆز قىياپىتىنى يوشۇرۇپ تۇرغان ئاياللارنىڭ قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى، ئۆزلىرىنى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنىڭ دالدىسىغا ئالغان ئالتۇن ـ كۇمۇشلىرى ۋالىداپ تۇرغان ئەركەكلەرنىڭ خۇسۇسىي غەرەز ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى بار. مانا شۇ بۇلۇتلارغا تاقاشقان مەغرۇر سارايلار ئۆز ۋۇجۇدىغا يامراپ كەتكەن ئازاب ۋە ئالدامچىلىقنىڭ ھىدىنى سېزىدىغان بولسا، جەزمەن يېرىلىپ ئۆرۈلۈپ، چوڭقۇر قايىنامغا چۆكۈپ كېتىدۇ. نامرات سەھرالىقلار بۇ ئوردا ـ سارايلارغا ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن قارىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇلاردا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە بىر نامرات ئايالنىڭ كۆڭلىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغانچىلىك لەززەتلىك مۇھەببەت يوقلۇقىنى بىلىدىغان بولسا، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، كۈلۈشۈپ، رازىمەنلىك بىلەن ئۆز ئېتىزلىرىغا قارىۋالىدۇ.

جىبران: «ۋالىدە» دىن

كىمكى ئۆزىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇرۇپ

قالغان شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىمايدىكەن، شۇ جەزمەن زاۋال-لىقتا يۈزلىنىدۇ.

جىبران: «ئاھ،زېمىن» دىن

كىمكى ئۆز ئىنقىلابى بىلەن ئۆزىنىڭ سارغايغان ياپراقلىرد-نى يىرتىپ تاشلىمايدىكەن، شۇ جەزمەن ئۇن - تىنسىز يوقىلىدۇ.

جىبران: «ئاھ،زېمىن» دىن

كىمكى ئۇنتۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلمەسكە كەتكەن ئۆت-مۈشلىرىنى دەپنە قىلمايدىكەن، شۇ جەزمەن ئۆتمۈشتىكى شان - شەرەپلەرنىڭ كېپەنلىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

جىبران: «ئاھ،زېمىن» دىن

ئاھ، ئىنسانلار، سىلەر دائىم ياشلىق دەۋرىڭلاردا ئۆتكەن كۈن-لىرىڭلارنىڭ يېقىملىق مەنزىرىلىرىنى شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئەسلەپ ئولتۇرۇپ، ياشلىق باھارىڭلارنىڭ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەي-دىغانلىقىنى ئويلىغانلىرىڭلاردا ئەپسۇسلانماي قالمايسىلەر. ئەمما، مەن ئۆتمۈشۈمنى ئويلىسام، خۇددى ئازادلىققا ئېرىشكەن ئەركىن ئادەمنىڭ ئۆزىنى تۇتقۇن قىلغان تۈرمە كامېرى بىلەن كويىزا - كىشەنلەرنى ئەسلىگىنىگە ئوخشاپ قالىمەن. سىلەر ئۆسمۈرلۈك دەۋرىڭلار بىلەن ياشلىق دەۋرىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلىرىڭلارنى ئالتۇن دەۋرىمىز، دەپ ئاتايسىلەر. ئۇ چاغلاردا سىلەر يىللارنىڭ مۇشەققەتلىرى بىلەن غەم - قايغۇلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، خۇددى مۇدھىش سازلىقتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان گۈلىستانغا كېلىپ قونغان ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشاش شادلىنىسىلەر. ئەمما، مەن ئۆزۈمنىڭ ياشلىق دەۋرىمنى ئازابلىق

www.uyghurkitap.com

دەۋر دەپ ئاتايمەن، چۈنكى ئۇ چاغلاردا دەرد ـ ئەلەملەر يۈرىكىمنى قاماللاپ، مېنى خۇددى بوران ـ چاپقۇنلار ئۇچۇرتۇپ يۈرگەن پەيگە ئوخشاش ھەريان تاشلىغانىدى؛ قايغۇ ـ ئەلەم يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى بىلەن تەڭ چوڭقايدى. مەن دەردىمنى ئەڭ يېقىن ئاغىنا ـ بۇرادەرلىرىمگە تىنالمايتتىم. دەل شۇنداق چاغلىرىمدا مۇھەببەت يۈرىكىمنىڭ ھىم يېپىق تۇرغان دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىپ كىرىپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن ئورۇن ئالدى. مۇھەببەت تىلىمنى ئاسارەتتىن ئازاد قىلىپ، مېنى سۆزلىيەلەيدىغان قىلدى؛ مۇھەببەت كۆزۈمنىڭ گۆھەرلىرىنى تاتىلاپ پارە قىلىپ، مېنى يىغلىتىشقا باشلىدى؛ مۇھەببەت ئاۋاز پەردىلىرىمنى غىدىقلاپ، مېنى ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىغان، ھەسرەت ـ نادامەتلىرىمنى تۆكەلەيدىغان قىلدى.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

بوۋايلارنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلىشى ياقا ـ يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن مۇساپىرلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى سېغىنغىنىغا ئوخشايدۇ؛ ئۇلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىشتىياق بىلەن تىلغا ئېلىشلىرى شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ نادىر شېئىرىنى توختىماي دېكلاماتسىيە قىلغىنىغا ئوخشايدۇ؛ بوۋايلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىپ بولماس چوڭقۇرلۇقى ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈش بىلەن ئۆتىدۇ. چۈنكى، رېئاللىق ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇلارغا قارايمۇ قويماي ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ كەلگۈسى بولسا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۇمان بىلەن قاپلانغان ۋە قەبرە قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشاش بىر دۇنيا.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ياشلىق گويا شېئىرىي تۇيغۇلاردىن قۇۋۋەت ئالغان، خىيالىي ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ نېرۋا تالالىرى بىلەن تولغان قانات بولۇپ، ياشلارنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىگە ئاپىرالايدۇ. ئۇلار ئۇيەردە ئالەمنىڭ رەڭگارەڭ قۇياش نۇرلىرى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ، ھاياتنىڭ شەۋكەتلىك، بۈيۈك ناخشىلارنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. بىراق، ئۇزاققا قالماي، لىرىكىلىق شېئىرىي تۇيغۇلاردىن پۈتۈلگەن قاناتلار سۇنۇپ، ئۇ ياشلار كىشىلىك دۇنياغا غۇلاپ چۈشىدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

كىشىلىك دۇنيا ئاجايىپ بىر ئەينەك، كىشىلەر بۇ ئەينەكتىن ئۆزلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلىنى، بۇرمىلانغان ئوبرازىنى كۆرىدۇ...

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

دۇنيادىكى ھەممە نەرسە قەلب دۇنياسىدا ئۇزۇپ يۈرىدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ھەرگىزمۇ ئانىنىڭ قورسىقىدا باشلىنىپ، قەبرىگە مەھكۇم بولغاندا ئاياغلاشمايدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ئاي نۇرى بىلەن كۈمۈش رەڭدە تاۋلانغان، يۇلتۇزلار چاقنىغان چەكسىز ئالەم بوشلۇقىدا بىر ـ بىرىگە شەيدا روھلار، پاكلىقنىڭ جەۋھەرلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە ھەمىلىشىپ كەتكەن يۈرەكلەر يوق ئەمەس.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ھەسرەت ـ نادامەت چىرمىغان يۈرىكىم جىمجىتلىق ئىچىدە ئارام تاپىدۇ، ئۇ خۇددى يارىلىنىپ ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، يارىسى ساقايغۇچە ياكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئۆڭكۈر ئىچىنى پاناھلاپ تۇرغان بۆكەنگە ئوخشاش ئىنسانلاردىن يىراق.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

چىراغ ئەتراپىدىن كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغۇچە كەتمەيدىغان پەر-ۋانە بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى پەرۋايىغا ئالماي قاراڭغۇ تۆشۈكنىڭ ئىچىدە خاتىرجەم ياشاشنى مەقسەت قىلغان چاشقاندىن ئۇلۇغدۇر.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

قەھرىتان سوغۇق بىلەن تۇرلۇك پېشكەللىكلەرگە ئۇچرىغان ئۇرۇق يەرنىڭ تېگىدىن بىخ سۇرۇپ چىقالمىغاچقا، باھارنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىدىن بەھرە ئالالمايدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

بىگۇناھ تۇتقۇن تۇرمىنىڭ تاملىرىنى ئۆرۈۋېتەلەيدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە تۇرۇپمۇ ئۆرۈۋەتمىسە، قورقۇنچاق ھېسابلى-نىدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن



بىشىدا ئويناپ تۇرغان شەمشەر ـ قىلىچلارنى، ئايىغىدا ئېقى-ۋاتقان قان دەريالىرىنى كۆرگەن جەڭچى كەپسىز باللارنىڭ ئاتقان تاشلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ھايات ئىچىدە ئەركىنلىك بار، ئەركىنلىك ئىچىدە شادلىق بىلەن بەخت بار.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ئىنسانلار مەيلى قانچىلىك ئەركىن ياشىسۇن، بەربىر ئاتا - بوۋىلار بېكىتىۋەتكەن رەھىمسىز قانۇننىڭ قۇللىرى ئىكەن.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

بۈگۈن تۈنۈگۈن پاكىتقا ئايلانغان نەرسىگە بويسۇنۇش، ئەتىسى بۈگۈنكى خاھىشقا يول قويۇش ئىكەن.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ھەربىر ئادەمنىڭ شۇنداق بىر كۈنى بولىدۇكى، ھايات كار-تىنىلىرى چىرايىدا زاھىر بولىدۇ. قەلبى يۈكسەك، ئالىيجاناب ئا-دەملەرنىڭ كۈنلىرى ئۆلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاياغلاشمايدۇ، بەلكى باشلىنىدۇ ھەمدە تاكى مەڭگۈلۈك تۇمان جاھاننى قاپلاپ كەتكەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ.

جىبران: «كېيىن قارىغىيى يىگىتى» دىن



ھەربىر يىگىتنىڭ بىر چىنلىقى بولىدۇ، ئۇنى تاڭ نۇرى نا-مايان قىلىدۇ، تۈن پەردىسى يوشۇرىدۇ. ئۇلۇغ قەلب ئىگىسى لەھەت سېپىگە قوشۇلغاندىمۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، چىنلىقى يەنىلا ئالتۇن كىرپىكلىك يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار غايىب بولغانغا قەدەر ئۆچمەيدۇ.

جىبران: «كېيىن قارىغىيى يىگىتى» دىن

جاراڭلىق ئاۋازلار ئۆزىگە قانات ئاتا قىلغان تىل ۋە ئېغىزنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكېتەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئېلىپ ماڭىدىغۇچىسىنى ئىزدەيدۇ.

جىبران: «كېمە كەلدى» دىن

بۇركۇتمۇ ھامان ئۇۋىسىنى تاشلاپ، قۇياشقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

جىبران: «كېمە كەلدى» دىن

كاۋچوك دەرىخى بىلەن قارىغاينىڭ يىلتىزلىرى تۇتاش بولسىمۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ سايىسىدە ياشىمايدۇ.

جىبران: «نىكاھ» تىن

سەن قورۇماس بولاقنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇسسۇزلۇقتىن غەم قىلساڭ، ئۇنداقتا سېنىڭ ئۇسسۇزلۇقۇڭنى نېمىدەپ چۈشەندۈرگۈلۈك؟!

جىبران: «ئىلتىپات» تىن

پەقەت سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتى ئارقىلىق شامال ئاۋازىنى مۇڭلۇق كۈيگە ئايلاندۇرالىغان كىشىنى ئۇلۇغ دېسە بولىدۇ.

جىبران: «مېھنەت» تىن

شامالنىڭ كاۋچوك دەرىخى بىلەن مۇڭداشقاندىكى ئاۋازى نازۇك چىمەنلەر بىلەن مۇڭداشقان چېغىدىكى شىۋىرلاشلىرىدىن شېرىن بولۇشى ناتايىن.

جىبران: «مېھنەت» تىن

ئەگەر پەرىشتىدەك ناخشا ئېيتالايدىغان تۇرۇقلۇق ناخشا ئېيتىشنى ياقتۇرمىساڭ، ئۇنداقتا سەن كىشىلەرنىڭ كېچە ۋە كۈندۈز ئاۋازىنى تىڭشايدىغان قۇلاقلىرىنى ئېتىپ قويغان بولىسەن.
جىبران: «مېھنەت» تىن

روھىڭ شامالغا ئەگىشىپ ئۇچقاندا، سەن يالغۇزلۇقتىن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزگىلەرگە، شۇنداقلا ئۆزۈڭگە ئۇۋال قىلىسەن. شۇ ئۇۋالچىلىق تۈپەيلىدىن سەن ئامەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنى چېكىسەن ۋە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايسەن.
جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

سىلەرنىڭ ئىلاھىي خىسلەتلىرىڭلار خۇددى بىپايان دېڭىزغا ئوخشىشىدۇ. ئىلاھىي خىسلەتلىرىڭلار مەڭگۈ بۇلغانمايدۇ، خۇددى ھاۋاغا ئوخشاش پەقەت قانىتى بار كىشىلەرنىڭ ئۆرلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.
جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

ئىلاھىي خىسلەتلىرىڭلار چاشقان تۆشۈكى ياكى يىلان، چايان-لارنىڭ ئۇۋىسىنى يورۇتمايدۇ. لېكىن، ئىلاھىي خىسلەتلىرىڭلار ئا-راڭلاردا يېگانە تۇرمايدۇ.
جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن



سىلەرنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىڭلار جىنايەت ۋە جازانى بىلىدۇ؛ سىلەرنىڭ ئىلاھىي خىسلەتلىرىڭلارمۇ، ئىس - تۈتەك ئارىسىدا مەڭ-دەپ يۈرۈۋاتقانلارمۇ ئۇلارنى بىلمەيدۇ.
جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

مەن سىلەرنىڭ بىر گۇناھكار ھەققىدە سۆزلەشكىنىڭلاردا، خۇددى ئۇ كىشى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەمەس، بەلكى بىر يات مەخلۇقتەك، ئۇ بۇ دۇنياغا باشقا بىر دۇنيادىن كېلىپ قالغاندەك بەس - مۇنازىرە قىلىشقىنىڭلارنى پات - پات ئاڭلاپ قالىمەن.
جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

بىر تال يوپۇرماق ئۆزى تۇرغان شۇ بىر پۈتۈن دەرەخنىڭ كاشىلىسى تۇيۇپىلىدىن سارغىيىپ كېتىدۇ.
جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

سىلەر يول، شۇنداقلا يولۇچى. ئاراڭلاردىكى بىرەر كىشىنىڭ يىقىلىشى سىلەرگە يول ئۈستىدە سىلەر پۈتلىشىدىغان تاش بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. يىقىلغۇچى سىلەر ئۈچۈن يىقىلغان بولىدۇ. شۇنداق، ئۇ يىقىلغۇچى سەپىنىڭ ئالدىدا ئىلگىرىلەپ كەتكۈچىلەر ئۈچۈنمۇ يىقىلغان. چۈنكى، ئىلگىرىلەپ كەتكۈچىلەرنىڭ قەدىمى پۇختا ھەم تېز بولغىنى بىلەن، ئۇلار كېيىنكىلەر پۈتلىشىدىغان تاشنى ئېلىۋەتمىگەن - دە!
جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

كىشىلەرگە زەرەر يەتكۈزگۈچىلەرنى قامچىلىماقچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن زەرەر يەتكۈچىنىڭ قەلبىنى كۆزىتىپ باقسۇن.
جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

سىلەر باشقىلارنىڭ جىسمىنى ئۆلتۈرگەن، لېكىن ئۆزىنىڭ روھى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى قانداق جازالىماقچى؟! سىلەر قۇۋ ھەم قوپال، لېكىن ماھىيەتتە خورلانغان، مەجبۇرلانغانلار ئۈستىدىن

قانداق شىكايەت قىلماقچى؟! سىلەر گۇناھىدىن پۇشايمان ـ ئۆكۈنۈشى ئارتۇق كىشىلەرنى قانداق ئەيىبلىمەكچى؟!

جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

پۇشايمان يېرىم كېچىدە ئۆزلۈكىدىن نىدا قىلىپ، كىشىلەرنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، ئۆز گۇناھلىرىغا توۋا قىلدۇرىدۇ.

جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

پەقەت ھەممىنى تولۇق كۆزەتكەن چېغىڭلاردىلا، ئاندىن ئۆرە تۇرغۇچى ۋە يىقىلغۇچىنىڭ ئىبلىس تەبىئەتلىك كېچىلەر بىلەن ئىلاھىي خىسلەتلىك كۈندۈزلەر ئارىلىقىدىكى گۇگۇم قويىنىدا تۇرغان بىرلا كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. كاتتا سارايلارنىڭ تۈۋرۈكلىرى بولۇپ تۇرغان تاشلاردىن ئۇل تاشلىرىنىڭ تۆۋەن تۇرمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ قالىسىلەر.

جىبران: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

دېڭىز دائىم ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بىلەن بىللە كۈلىدۇ.

جىبران: «قانۇن» دىن

ئەڭ ئەركىن كۈيلەر چالغۇ ئەسۋابلاردىن چىققان ئەمەس.

جىبران: «دىن» دىن



سىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭنىڭ ئۆزى سىنىڭ ئىستىقامەتگاھىڭدۇر، سىنىڭ دىنىڭدۇر.

جىبران: «دىن» دىن

كېچىسى ھەممىنى كۆرەلەيدىغان مۇشۇكياپىلاقنىڭ كۆزى

كۆندۈزلىرى ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ نۇرنىڭ سېھرىنى ئاچالمايدۇ.

جىبران: «ئۆلۈم» دىن

بۇلاق بويىغا سۇ ئىچكىلى بارغىنىمدا، ئىپقىن سۇنىڭمۇ ئۇسساپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن سۇ ئىچكەندە، سىنىڭمۇ مېنى ئىچىۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلدىم.

جىبران: «لەڭگەر كۆتۈرۈپ يولغا چىقىش» دىن

مېھرىبانلىق ئۆزىنى ئەينەكتە كۆرگىنىدە تاشقا ئايلىنىپ قالارمىش. ساۋاب ئۆز ـ ئۆزىگە نام ـ شۆھرەت بەرسە، بۇ قارغىش ـ لەنەتكە سەۋەب بولۇپ قالارمىش.

جىبران: «لەڭگەر كۆتۈرۈپ يولغا چىقىش» دىن

مەن كۆكتە قانات قاققان چاغدا، يەردىكى تاشپاقا مېنىڭ سايەمدۇر.

جىبران: «لەڭگەر كۆتۈرۈپ يولغا چىقىش» دىن

تېنىڭلار سىلەرنىڭ قېپىڭلاردۇر. سىلەر قاپقا قامالغان ئەمەس، ئۆي ـ ماكانغا ياكى ئېتىز ـ ئېرىقلارغا بەند قىلىنغانمۇ ئەمەس.

جىبران: «لەڭگەر كۆتۈرۈپ يولغا چىقىش» دىن

سىلەرنىڭ ھەقىقىي ئۆزۈڭلار بۇلۇتلارنى ماكان قىلىپ، شاماللار بىلەن بىللە جاھان كېزىدۇ.

جىبران: «لەڭگەر كۆتۈرۈپ يولغا چىقىش» دىن

سىلەر كۆندۈزلىرى ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان توشقان ياكى كې-چىلىرى تام تېشىدىغان چاشقان ئەمەس، بەلكى بىر ئەركىن شەي-ئىكى، پۈتكۈل زېمىننى ئىلكىڭلارغا ئېلىپ، كائىناتتا ئايلاندۇر-دىغان روھلارسىلەر.

جىبران: «لەڭگەر كۆتۈرۈپ يولغا چىقىش» دىن

غۇۋالىق ۋە قاراڭغۇلۇق جىمى مەۋجۇداتنىڭ باشلىنىشىدۇر، ئەمما ئاخىرلىششى ئەمەس.

جىبران: «لەڭگەر كۆتۈرۈپ يولغا چىقىش» دىن

هايات ۋە پۈتكۈل جانلىقلار كرىستال ئىچىدە بولماستىن، تۇمان ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

جىبران: «لەڭگەر كۆتۈرۈپ يولغا چىقىش» دىن

سېنىڭ كۆزۈڭگە يېپىلغان پەردە ئۇنى توقۇپ چىققان قول تەرىپىدىن ئېچىۋېتىلىدۇ. سېنىڭ قۇلىقىڭنى ئېتىۋالغان لاي ئۇنى تىققان بارماقلار تەرىپىدىن كولاپ چىقىرىلىدۇ.

جىبران: «لەڭگەر كۆتۈرۈپ يولغا چىقىش» دىن

روھىمىز هالقىپ ئۆتەلمەيدىغان، تەسەۋۋۇر كۆچىمىز يې-تەلمەيدىغان بوشلۇقتىن باشقا، كىشىلەر ئارىسىدا هېچقانداق ئا-رىلىق مەۋجۇت ئەمەس.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

يوپۇرماقلار شاخلىرىدىن ئايرىلغان چېغىدىلا، ئاندىن ناخشا ئېيتالايدۇ!

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

بارلىق يىلتىزلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەلبىنى يوشۇرۇپ كەل-گىنىگە بەك ئۇزاق بولدى، ھەتتا ئۇلار ئۆز قەلبى ئالدىدا نېمە قى-لىشنى بىلمىگەچكە، نۇر ئالدىدا ئۇيىلىدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

سەن ئۆز سۆزلىرىڭدىن ھالقىيالايسەن، ئەمما ماڭغان يو-لۇڭنىڭ ئۆزى مۇزىكا ۋە خۇش پۇراق؛ ئۇ سۆيگۈچى بىلەن سۆيۈل-گۈچى ئۈچۈن مۇزىكا بولسا، گۈل — باغلاردا ياشاشنى ئارزۇ قىل-غۇچى ئۈچۈن خۇش پۇراق.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

شۇنداق، سىلەرمۇ چۆكسەڭلار، ئۆز سۆزلىرىڭلارنىڭ تېگىگە يېتىپ بارىسىلەر. سىلەر ئېزىپ قالغان ئېقىنلارنىڭ مەنبەسىنى ئىزدىسەڭلار، يوشۇرۇن غار ـ ئۆڭكۈرلەردە ئايلىنىسىلەر ۋە ئۆزۈڭ-لار ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقمىغان ئەكس سادالارنى ئاڭلايسىلەر. شۇن-داق، سىلەر ئۆز سۆزلىرىڭلار چوڭقۇرلۇقىدىنمۇ چوڭقۇرلۇققا يې-تەلەيسىلەر. شۇنداق، ئۆز ئاۋازىڭلار يەتمەيدىغان چوڭقۇرلۇقلارغا چۆكۈپ، زېمىننىڭ يۈرەك قېتىغا يېتەلەيسىلەر ھەمدە ئاشۇ ساما يولىدا يۈرگەن «يەككە ـ يېگانىلىك» بىلەن ئۇچرىشالايسىلەر.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن



مېنىڭ ھاياتىم ۋە سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يېتىپ كەلسە، بۇ بىزنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشكەن چې-غىمىز بولۇپ قالىدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

كىشىلەر قېشىدىن ئۆتۈپ تۇرۇپ قاراپ قويمايدىغان سۇزۇك بۇلاقتىن قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇق پايدىلىقتۇر، بەلكىم.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

ئۆلۈم پەقەت بىزنىڭ ئەسلىي چىرايىمىزنى توسۇپ تۇرغان نىقابنىلا ئۆزگەرتەلەيدۇ.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

دەرەخ كەسكۈچىلەر يەنىلا دەرەخ كەسكۈچىلەردىن بولىدۇ. دېھقانلار يەنىلا دېھقان بولىدۇ. شامالغا ئەگىشىپ ناخشا ئېيتقۇچىلار يەنىلا ئايلىنىۋاتقان ئاسمان جىسىملىرىغا قاراپ ناخشا ئېيتىدۇ.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

بىز تاكى قايتا تىرىلىش كۈنى يېتىپ كەلگەنگە قەدەر بىللە تۇرىمىز. سەھەر پەيتىدە سىلەر گۈللۈك باغلاردا شەبنەمگە ئايلىنىسىلەر. مەنمۇ بىر ئايالنىڭ قوينىدا بوۋاقتا ئايلىنىمەن. ئۇ چاغدا بىز بىرلىكتە ئۆتمۈشنى ئەسلەيمىز.
جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن



مەن شېرىن ئۇيقۇغا كېتەي! ئويغاقلىق تۇپەيلى كۆزۈم تالدى.
جىبران: «ماماتلىق لەززىتى» دىن

ھەرقانچە قابىل دېھقانمۇ ئۆز يېرىدە قىش ـ زىمىستاندا زىرائەت ئۆستۈرەلمەيدۇ.
جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

www.uyghurkitap.com

روھىم بىلەن جىسمىم ئۆزئارا كۆيۈشۈپ، سۆيۈشۈپ تۇرىي قىلى-
غىنىدىلا مەن قايتىدىن تۇغۇلىمەن.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

جەننەت ئۇياقتا — ئاشۇ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا، ياندىكى ئۆيدە، ئەمما مەن ئاچقۇچنى يوقىتىپ قويدۇم. بەلكىم، مەن ئاچقۇچنى باشقا يەرگە قويغان بولسام كېرەك.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

سەن قارىغۇ، مەن گاس ھەم گاچا، كەل، ئىككىمىز قول ئې-
لىشىپ چۈشىنىشەيلى.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

رومكا قۇرۇق تۇرسا كارىم يوق، ئەمما ئۇ يېرىم بولۇپ قالسا، يېرىملىقىغا نەپرەتلىنىمەن.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

بىر ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ساڭا ئايان بولغان تەرىپىدە ئەمەس، بەلكى ئۇ ساڭا ئاشكارا قىلالمايدىغان تەرىپىدە.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

قىلغان گەپلىرىمنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئەھمىيەتسىز گەپلەر. ئۇلارنى دېيىشتىكى مەقسىتىم سېنى ئۇلارنىڭ قالغان يېرىمىنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

پاقا بەزىدە كالىدىنمۇ كۈچلۈك ئاۋاز چىقىرالىشى مۇمكىن،

ئەمما ئۇ قوش سۆرىيەلمەيدۇ، جۇۋاز تارتالمايدۇ، تېرىسىنى كۆن - خۇرۇم قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

جبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئەگەر قىش: «باھار مېنىڭ يۈرىكىمدە» دېسە، قىشقا كىم ئىشىنەتتى؟!

جبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ھەربىر ئۇرۇق — بىر ئۇمىدتۇر.

جبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئەگەر سەن راستتىنلا كۆزۈڭنى چوڭ ئېچىپ قارىساڭ، ھەربىر پېرسوناژدا ئۆز ئەكسىڭنى كۆرىسەن.

سەن ئەگەر راستتىنلا قۇلاق سېلىپ ئاڭلىساڭ، سەن ھەممە ئاۋازلار ئارىسىدىكى ئۆز ئاۋازىڭنى ئاڭلايسەن.

جبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

بىز ئۆزىمىز ئۇخلاش ئۇچۇن بالىغا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرىمىز.

جبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

سەن قۇياشقا ئارقاڭنى قىلىپ تۇرغاندا، كۆرگىنىڭ پەقەت ئۆز سايەڭدۇر.

جبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئەگەر مېھمان بولمىغىنىدا بارلىق ئۆيلەر قەبرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

توكۇرنىڭ ئۆز ھاسىسىنى دۈشمىنىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ سۇندۇرمىغىنى ئاقىلانىلىكتۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

بىز ھەممىمىز مەھبۇس، پەقەتلا بەزىمىز دېرىزىلىك، بەزىمىز دېرىزىسىز تۈرمىدە.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

بۆرە كېچىدە قوزىلارنى يەۋېتىدۇ، ئەمما قوزىلارنىڭ قان داغ-لىرى جىرالاردا قېلىپ قالىدۇ.

جىبران: «ساراڭ جون» دىن

بالىلار ئاچچىق ئۈزۈملەرنى يەۋاتىدۇ، لېكىن ئاتا - ئانىلىرى-نىڭ چىشلىرى قاماپ كېتىۋاتىدۇ.

جىبران: «ساراڭ جون» دىن

مۇبادا كىشىلەر سۈكۈتنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئورمانلىقتىكى ياۋايى ھايۋانلارغا ئەمەس، ئىلاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشقان بولاتتى.

جىبران: «قەبرىدىنلىك زارى» دىن



توڭگۇز خۇشبۇي كېلىپ تۇرغان ھاۋادىن نەپەسلىنىشنى خالىمايدۇ. ئوغرى ئۆزى نەرسىلىرىنى ئوغرىلىغان خوجايىنىدىن، تاڭ ئېتىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

جىبران: «تۆشەك» تىن

بۆرە ھەرگىز قوي بولالمايدۇ.

جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

بوران - چاپقۇن بىلەن قېلىن قار، گۈل - غۇنچىلارنى ئۆل-تۈرۈۋېتەلىگىنى بىلەن گۈلنىڭ ئۇرۇقىنى ئۆلتۈرۈۋېتەلمەيدۇ.
جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

ئىككى ئادەمگە يەتكەن ئاش ئۈچ ئادەمگىمۇ يېتىدۇ.
جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

ئىگىسى كېسىپ تاشلىۋەتكەن ئەنجۈر دەرىخى ئوتقا تاشلان-غاندىن كېيىن مېۋە بەرمەيدۇ.
جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

بىمار سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، يۈرىكىدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇرغانلار ئۇ ئا-ۋازنى ئاڭلىيالايدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن قۇش ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تې-پىرلايدۇ، ئەمما قاراپ تۇرغانلار ئۇنىڭ قىينالغانلىقىنى ئېنىق كۆرىدۇ.
جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

تۈگمەن تېشىنىڭ ساق ياكى كەمتۈك بولۇشىدىن قەتئىينە-زەر، دەريا سۈيى دېڭىزغا قاراپ ئېقىۋېرىدۇ.
جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم» دىن



مول ھوسۇللۇقنىڭ ئازابى مېۋىسىزلىكتىن يامان.
جىبران: «قەلبىمگە ئۆز مېۋىلىرى ئېغىر يۈك بولدى» دىن

قۇياش ئۆزىنىڭ ھارارىتى بىلەن جىمى جانلىقلارنى ياشارتىدۇ ۋە يەنە شۇ ھارارىتى بىلەن ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلالايدۇ.
جىبران: «سۇنغان قانات»تىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تارقاتقۇچىسى

ئۆزىنى سۇغا تاشلىغان ئادەم كىيىملىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ.
جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ئاغرىغان كۆز نۇرسىز نەرسىلەرگە قارىيالايدۇ، كۈچلۈك نۇر بولسا، ئۇنىڭغا زىيانلىق.
جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

بەخت تىلىغا ئېلىنسا، مەن خۇددى بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندەك قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالىمەن.
جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

— سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى پەيلاسوپ كوچا سۈپۈرگۈچىگە، — سىزنىڭ خىزمىتىڭىز بەك جاپالىق ۋە مەينەت.
— رەھمەت ئەپەندىم، ئۆزىڭىز نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دېدى كوچا سۈپۈرگۈچى.
— كىشىلەرنىڭ ئوي - خىيال ۋە ھەرىكەت - ئارزۇلىرىنى تەتقىق قىلىمەن، — دېدى پەيلاسوپ.
كوچا سۈپۈرگۈچى كوچىنى سۈپۈرگەچ كۈلۈپ:
— مېنىڭمۇ سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئۆتكەن ئۆمۈر — ئاققان سۇ. چۈنكى، ئۇ نادانلارنى گۆرگە باشلايدىغان ئەرۋاھ! ھەرقانچە قەيسەر ئادەم بولغاندىمۇ تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈندىن ئىبارەت ئىككى ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋالىدىغان بولسا، بىر غېرىچ ئىلگىرىلىشىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. كەلگۈسىنىمۇ ئۆتمۈشىڭىز بىلەن ئوخشاشلا ئۇزۇل - كېسىل ئايرىۋېتىڭ!

كەلگۈسى دېگەن نەرسە خىيالىڭىزغا كەلمىسۇن، ئەتە دېگەن نەرسىنىمۇ يادىڭىزغا كەلتۈرمەڭ، پەقەت بۈگۈن ئۈچۈنلا ھەقىقىي ياشاڭ، ھېرىپ - چارچاپ ھالىدىن كېتىش، مەنىۋى جەھەتتە ئازاب چېكىش، روھىي جەھەتتە جىددىيلىشىپ كېتىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن غەم يېگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

سىز ئۆمرىڭىزنى تۇگمەننىڭ چانىقى دەپ بىلىشىڭىز كېرەك. سىزگە مەلۇم، چاناقنىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن سۈكەنگە لىق ئۈگۈت قاچىلانغان بولىدۇ، چاناق سۈكەندىكى ئۈگۈتنى بوغۇزغا بىر - بىرلەپ، ئاستا، ئەمما تەكشى چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. كىمكى ئۈگۈتنى بىراقلا چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولىدىكەن، سۈكەننىمۇ، چاناقنىمۇ بۇزۇپ قويىدۇ. بىزنىڭ ھاياتىمىز خۇددى ئاشۇ چاناققا ئوخشايدۇ، سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بىر كۈنلۈك ھاياتىمىزنى باشلىغىنىمىزدا، بىرمۇنچە ئىش بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىز بۇ ئىشلارنى ئالدىراپ كەتمەي، تۇگمەننىڭ چانىقى ئۈگۈتنى رەتلىك چۈشۈرۈپ بەرگەندەك ئۆز قائىدىسى بويىچە تەرتىپلىك بىر تەرەپ قىلمايدىغان بولساق، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىمىزنىڭ بېشىغا چىقىمىز، خالاس.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



بىز دائىم ئىككى تۇراقلىق كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرىمىز: ئۆتمۈش — مەڭگۈ توختىماي يورغىلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، كەلگۈسى — ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسقا نۇقتىسىغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. بىزنىڭ ۋاقىتنىڭ ھەرقانداق بىر ئەڭ قىسقا

نۇقتىسىدا —كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بولسىمۇ —تۇراقلىق ياشىشىمىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. كىمكى شۇنداق ياشىماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى بىلەن ئويناشقان بولىدۇ. بىز تۇرمۇشىمىزنى مۇۋاپىق بىر ۋاقىت دائىرىسىدە — ھازىردىن تارتىپ كەچكى ئۇخلاشقىچە— چەكلەپ تۇرۇشىمىز لازىم.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارغا يولۇقۇپ تۇرىمىز. بۇ ئەھۋاللارمۇ «پەقەت شۇنداق بولىدۇ» كى، «باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس». بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە يا ئۇنى رەت قىلىمىز، يا ئۇنىڭغا ماسلىشىمىز، ياكى كۆڭلىمىزدىكى قارشى كەيپىياتىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ نېرۋىسىنى زەھەرلەپ، ئاخىرىدا روھىي جەھەتتىكى نورماللىقنى يوقىتىمىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەمدە بىر تەرەپتىن ئۇڭشىغىلى بولمايدىغان ئەھۋالغا قارشى كۈرەش قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قالدۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ يېڭى كەلگۈسىنى يارىتىدىغان بۇنداق تولۇپ ـ تاشقان زېھنىي قۇۋۋەت بولۇۋەرمەيدۇ. سىلەر بۇنىڭدىن پەقەت بىرىنىلا تاللىيالايسىلەر: يا تۇرمۇشتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان بالايىئاپەتكە باش ئېگىسىلەر، يا ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ تۈگەيسىلەر.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

قائىدە ئەسلىي كۆڭۈلدە بار، گەپ ئۇنى بىلمەي قېلىشتا.

دالى كارنېگ: «تىلىدىكى بۆسۈش» تىن

نەپسىنى يىغىش سەكراتقا چۈشكەندە ئىچكەن دېمىددىن ئەلا.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر بىز بالا ـ قازاغا تەن بەرمەي كۆن بويى پەرىشان يۈرسەك، ئۆزگەرتىش قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى ئۆزگەرتەلمەيلا قال- ماستىن، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىمىزنى بالاغا قويىمىز.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مەيلى بولسۇن تۈن كېچە، چىقسا شىددەتلىك بوران،
قىيىنسۇن ئاچلىق ئازابى، تىل ـ ھاقارەت، مەسخىرە.
ئۇچرىسام بالا ـ قازا، دەككە ـ دەشنام... لارغا مەن،
قارىغايدەك قەد كېرىپ تۇرىمەن مەزمۇت يەنە.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ھايات دەپ ئاتىلىدىغان بۇ نەرسىنى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا چىقىم قىلىش ھەقىقەتەن گۇناھ كۆتۈرمەيدۇ، بۇ نۇقتىنى ھامان بىر كۈنى بىلىپ قالىمىز.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز ھاياتىمىزنىڭ يېرىمىنى ئاچچىقلىنىش بىلەنلا ئۆتكۈز- سەك بولمايدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



بۇنىڭدىن بىر يۈز سەكسەن سېكۇنت ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىنى يېنىكلىتىش يولىدا بارلىق تەدبىرلەرنى قوللانساقمۇ، لېكىن ئاللىقاچان تارىخقا ئايلىنىپ بولغان پاكىتنى

ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ ئىشقا ئاشمايدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كىشىلەرنىڭ بالايىئاپەتكە ئۇچرىشى ئاساسەن يۈز بەرگەن ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىگەنلىكىدىندۇر.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مىننەتدارلىق — كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان مېۋە، ۋاپاسىز كىشىلەر بۇنداق مېۋە يېتىشتۈرەلمەيدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كىشىلەرنىڭ ۋاپاغا ۋاپا قىلىشنى بىلمەسلىكى تەبىئىي ئىش، باشقىلاردىن ۋاپاغا ۋاپا قىلىشنى زورمۇزور ئۈمىد قىلىش ئۆزىنى ئۆزى بىئارام قىلغانلىق، خالاس.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

جاھاندىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى پەرزەنتلىرىدىن ۋاپادار بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھالبۇكى، پەرزەنتلەر مۇۋاپىق تەربىيە كۆرمىسە قانداقمۇ ۋاپادار بولسۇن؟ ۋاپاسىزلىق ياۋا ئوت - چۆپكە، ئادەمگەرچىلىك ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ. ياخشى پەرزەنت تەربىيەلەشكە موھتاج.

ئارىستوتېل مۇنداق دېگەنىدى: «باشقىلارغا خىزمەت قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىشىگە ئۈمىد باغلاشنى نومۇس دەپ بىلىدىغان ئادەملەر ئالىيجاناب ئادەملەردۇر.»

بالىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى بىزنىڭ ئۇلارغا بەرگەن تەربىيىمىزنى ئىپادىلەيدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بالىلىرىمىزنىڭ بىزگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىسۇن دېسەك، ئۆزىمىزمۇ ۋاپاغا جاپا قىلماسلىقىمىز لازىم.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بالىلار بىزنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمىزنى تەقلىد قىلىشقا تولىمۇ ئۇستا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، كېلەر نۆۋەت بالىلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ دوستانە ھەرىكىتىنى سۇندۇرۇشتىن دەرھال تىلىڭىزنى تارتىڭ، «قاراڭلار، بۇ جامبۇدەك نەرسىگە، بۇ نەرسە ھامىمىز سۇسانىنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن روژدېستۋولۇق سوۋغىسى ئىكەن! قولدا توقۇلغان بۇنداق نەرسە نەچچە پۇلغا يارايدۇ!» دېگەندەك گەپلەرنى ھەرگىز قىلماڭ. ئېھتىمال سىزنىڭ بۇ گەپنى قىلىشىڭىزدا غەرەز يوقتۇر، لېكىن ئاڭلىغۇچىلار بۇنىڭغا ئۆزىچە مەنە بېرىدۇ ـ دە، بالىلار ئۇنى ئاسانلا ئۆز گېپىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا: «ھامىمىز سۇسانىنى ئويلاپ كۆرەيلى، بىزگە بۇ روژدېستۋو سوۋغىسىنى توقۇيمەن دەپ قانچىلىك ۋاقتى كەتكەندۇ ھە! ئۇ ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئايال. دەرھال خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك» دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەرنى كۆپرەك قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلساق، بالىلاردا دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان بىر خىل ئادەت ئىستىخىيىلىك ھالدا يېتىلىشى مۇمكىن.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مېھىر ـ مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈشكە بولىدۇ. بالىلىرىمىز ۋاپاسىز بولۇپ قالمىسۇن دېسەك، ئۇلاردا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تور بېتى

باشقىلاردىن مىننەتدار بولىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىر ئادەم ئەگەر تاتلىق سۇنى قانغۇدەك ئىچەلىسە، قورساقنى مەززىلىك تائاملار بىلەن ئوبدان تويغۇزالىسا، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن خۇشال ئادەم بولماس.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

دۇنيا بويىچە ھەممىدىن ئۇستا دوختۇرمۇ «نەپسىنى يىغىش» دوختۇرى، «تىنچ ـ ئاراملىق» دوختۇرى ۋە «شاد ـ خۇراملىق» دوختۇرىغا يەتمەس.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز ئۆز ئىلكىمىزدىكى نەرسىلەرنى ئانچە خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ كەتمەيمىز، كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزدە كەم نەرسىلەرنىڭ غېمىدىلا بولىمىز.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كىشىلەر پەقەت كۆڭلىدە ھېس قىلغان نەرسىلەرنىلا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

شەيئىلەرگە ياخشى جەھەتتىن قارايدىغان ئادەتكە ئىگە بولۇش مىڭ فوندستېرلىڭ يۇلىڭىز بولغاندىنمۇ قەدىرلىك.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز رىۋايەتلەردىكىدەك گۈزەل دۇنيادا ياشايمىز، بىراق كۆرۈپ

تۇرۇپ كۆرمىگەنگە سالىمىز، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىمىغان بولۇۋالىمىز.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز بىر قۇياش سائەت بولۇپ، مەنىلىك ئۆتكەن مىنۇتلىرىمىزنى خاتىرىلەپ ماڭايلى.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

هالى ئۇستۇن، كىشىلەرگە سىپايىگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىدىغان، مىجەزى ۋە ئىقتىدارى ئۆزىگە تازا مۇناسىپ كەلمەيدىغان كىشىلەرگە پەقەت دىماغ قېقىپلا قويىمەن. ئۇلار كۆزۈمنىڭ قىرىدا بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان كىشىلەردۇر.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

سىز دۇنيادا بىردىنبىر ئادەمسىز، سىز بۇنىڭدىن خۇش بولۇشىڭىز كېرەك. تەبىئەت سىزگە ئاتا قىلغان بارلىق نەرسىلەردىن تولۇق پايدىلىنىشىڭىز كېرەك. ھەرقانداق سەنئەتنىڭ ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ. سىز ئۆزىڭىز ئېيتالايدىغان ناخشىلارنىلا ئېيتىڭ، ئۆزىڭىز سىزالايدىغان رەسىملەرنىلا سىزىڭ. سىزنىڭمۇ ئۆزىڭىزگە لايىق سەرگۈزەشتىڭىز بار، سىزنىڭ ئالاھىدىلىكىڭىزنى سىز تۇرۇۋاتقان مۇھىت ۋە سىز قوبۇل قىلغان، ئىرسىيەت ئاملى ئاتا قىلغان، مەيلى تەقدىر ـ پېشانىڭىز قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق يەرنى تېپىشىڭىز كېرەك؛ مەيلى سىزگە قانداق تۇيۇلسا تۇيۇلسۇن، ھاياتلىق ئوركېستىرىدا چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ سازىڭىزنى چېلىشىڭىز لازىم.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئۇنىڭ تۇرمۇش-نىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدۇر.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

دۇنيانى، بولۇپمۇ سۇبيېكتىپ دۇنيايىڭىزنى ئۆزگەرتەي دې-سىڭىز، ئەمەلىيەتتە بىر ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى بولۇشىڭىز ھا-جەتسىز. ئىشنى ئەتە ئەتىگەندە ئۇچرىغان ئادىمىڭىزدىن باشلىسى-ڭىز تامامەن بولىۋېرىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مۇبادا بىر ئادەم يەر شارىدا بەختلىك ياشىماقچى بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ غېمىنى كۆپرەك يېيىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشى، ئاشۇنداق روھىي تەييارلىقنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ئۇ ئادەم باشقىلارغا بەخش ئەتكەن خۇشاللىق بىلەن بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر بىز بىرەر ئىشقا يولۇققاندا دېرىسېرنىڭ: «باشقىلارنىڭ غېمىنى كۆپرەك يېيىش» دېگىنىدەك ئىش كۆرىدىغان بولساق، تۇرمۇشىمىزمۇ مەنىسىز بولۇپ قالمايدۇ، ۋاقتىمىزمۇ زايە كەتمە-گەن بولىدۇ. «بۇ دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىمەن. شۇڭا، قىلماقچى بولغان ياخشى ئىشنى دەرھال ئەمەلدە كۆرسىتىشىم كېرەك. كېچىكتۈرسەم بولمايدۇ، بوشىشىپ كەتسەممۇ بولمايدۇ، چۈنكى بېسىپ بولغان ھايات مۇساپىسىنى قايتا باسقىلى بولمايدۇ».

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ناۋادا بەزىلەر سىزنى ئاياغ ئاستى قىلسا، سىزگە ھۇجۇم قىلسا، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىزنى ئاياغ ئاستى قىلغان ۋە سىزگە ھۇجۇم قىلغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قال-تىس نوچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش خىيالى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ سىزگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى دەل سىزنىڭ ياخشى ئىش قىلىپ نام چىقىرىدىغان ۋاقتىڭىز بولىدۇ. دۇنيادا شۇنداق بىر خىل ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئالغان تەربىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرىلىقىنى، قولغا كەل-تۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن چوڭلۇقىنى كۆرۈپ ئە-چىدە غۇم ساقلايدۇ. شۇڭا، ھامان ئۇنى «چاپۇتلىغۇسى» كېلىدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئادىل بولمىغان باھا — كۆپ ھاللاردا ئاڭسىز ئوقۇلغان مەد-ھىيە.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كىشىلەرنىڭ سىزنى ياكى مېنى ئېسىگە ئېلىشى ئىنتايىن قىيىن. ئۇلار باشقىلارنىڭ بىزنى نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرمەيدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار كۈن بويى ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈنلا پالاقلاپ يۈ-رۈشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى دەپ ھەممە يەردە بۈرنىغا يەپ يۈرۈشىدۇ، سىز - بىزنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشىمىزگە ئالاقىدار يېڭى خەۋەرگە قىزىققىلى نەدە چولىسى؟
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

گەرچە مەن باشقىلارنىڭ ماڭا ئادىل باھا بەرمەسلىكىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

توسۇپ قالالمىسامىمۇ، لېكىن بىر ئىشقا ئۆزۈم ئىشەنچ قىلالمايدىمەن، ئۇ بولسىمۇ باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى راست دەپ ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقتىن ئىبارەت.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مەن باشقىلارنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىنغان ھەممە سۆزىنى ئوقۇپ چىقىدىغان، ھەتتا ئازراق بولسىمۇ جاۋابىنى بېرەي دەيدىغان بولسام، باشقا ئىشلارنى تاشلاپ قويسام بولىدۇ. مەن پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياخشى قىلىشىم كېرەك. مەن باشتىن - ئاخىر ئۆز مۇددىئايىم بويىچە ئىش قىلىمەن. ئەگەر ئەمەلىيەت مېنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، ماڭا تاپا - تەنە قىلىنغان سۆزلەر تەبىئىيكى، پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ھەممە ئىشنى كۆلۈپ قويۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئادەمگە كىمنىڭمۇ داۋاملىق ھۇجۇم قىلغۇسى كەلسۇن؟
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئادىل بولمىغان تاپا - تەنىگە ئۇچراپ قالسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، كۆڭلىڭىزدىكى (كۇنلۇك) نى ئېچىپ ھەر خىل پىتنە - ئىغۋا، سۆز - چۆچەكلەرنى توسۇۋېلىڭ، ئاشۇنداق قىلسىڭىز ھېچقانداق ھۇجۇم سىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» **دىن**

ئازادلىق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

يېڭى بىر كۈنۈڭنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈۋال!
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز بىرەر كىم بىلەن مۇڭداشماقچى بولساق، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ئىشەنچ قىلالايدىغان ئادەمنى تېپىشىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشى بىلەن ۋاقىتنى ئالدىن پۈتۈشۈپ قويۇشىمىز لازىم. مۇڭ-داشماقچى بولغان كىشى بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنىمىز، ئاغىنى-مىز، دوختۇر، ئادۋوكات ياكى پوپ بولسىمۇ بولىدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز ئېرىشىشنى خىيال قىلغان مەلۇم نەرسىگە ئېرىشەلمە-گەنلىكىمىزگە باش قاتۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىر ئادەمدە ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلغۇدەك غەيرەت بولسا، ئۇ مەلۇم دەرىجىدىكى قانائەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق قىل-غاندا، جىنايەت تۇيغۇسى ۋە ئۆز - ئۆزىنى قوغداش كەيپىياتىنى تۈگەتكىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ بۇ خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقار-غان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق.
دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن



ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قارىغۇلۇقلىرى مەخلۇق بىلەن ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىكتىن ئىبارەت. دەل مۇشۇنداق قارىغۇلۇق بىزنى دەرد - ئازابلارغا مۇپتىلا قىلدى.
دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئەگەر سەن كىشىنى ھۆرمەتلىسەڭ، ئۇنى ئۆزۈڭگە ئاسان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادىرىسى

مايىل قىلالايسەن، بولۇپمۇ سېنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىشىڭ، ئۇنىڭ مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىنىڭدە شۇنداق بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات»تىن

ھاياتلىقتا ئېرىشكەن كىشى ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزسە، ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغان بولىدۇ، ئۇ ھايۋاندىن پەرقسىزدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بەك تۇزاقچىدۇر. تۇزاققا ئىلىنما، سېنى مەھكەم ئىلىندۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىخۇد بولما، تىرىكلىك چوقۇم ئۆتۈپ كېتىدۇ، كۈن - زامانلار يېتىپ كەلمەسكە كېتىدۇ. راھەت - پاراغەتكە ئاۋۇنۇپ كەتمە، كۈنلىرىڭ زايە بولىدۇ. بۇ بەختكە ئىشەنمە، ئۇ قەبىھ، ۋاپاسىزدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ جاپاكەش دۇنيا ئىشەنچسىزدۇر، قىلىقلىرى ۋاپاسىز، قىلمىشلىرى قەبىھدۇر. قانداق ئۆتكۈزسەڭمۇ كۈنلەر تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشىسىمۇ - يامىنىمۇ ۋە ئەگرىسىمۇ - توغرىسىمۇ (ھەممىسى) ئۆتۈپ كېتىدۇ، توقلىرىمۇ - ئاچلىرىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەگكە يۈز - خاتىر قىلمايدۇ ياكى باي - قۇلنى ئايرىمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر، ئۇ (ھېچكىمگە) قالمايدۇ، قالغان ئۆمۈر قانچىلىك، بۇنىمۇ بىلىپ بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كەلگۈسىنىڭ ئىشلىرى قاراڭغۇ تۈن ئىچىدە تۇرغان (دەك غۇۋا)، ئۇنى يورۇق كۆڭۈلا يورۇتالايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

زاماننىڭ ئوقياسى بەتلەكلىك تۇرىدۇ، بەزىدە پايدا كەلتۈرىدۇ، بەزىدە زىيان سالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ تىرىكلىك كۆڭلىرى (گويا) بوران، شامالغا ئوخشىشىدۇ، بەخت ئىشەنچلىك ئەمەس، سىنى تاشلاپ كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك، بەگلىك — ھەممىسى ئۆلۈم كېلىپ ئىشىكىڭنى ئاچسا، قېپقالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەڭگۈلۈك راھەت مۇشەققەت بىلەن كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۈگۈن ھەممە (نەرسە) ياخشى بولسۇن دېسەڭ، ئۆزۈڭ ياخشى بول.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ ئالدامچى دۇنيانىڭ قىلىقلىرى ۋاپاسىز، جاپالىق، بىخۇد بولما، ھوشيار بول، (ئۇنىڭ) يولى بەك تايغاقتۇر. قارا، ئۇ بىزنىپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

جىلۋە قىلىپ كۆڭلۈڭنى ئالىدۇ، كۆڭلۈڭنى بەرگەندىن كېيىن، يۈز ئۆرۈپ (تاشلاپ) كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيا قالىدۇ، تۇغۇلغانلار ئاخىرى ئۆلىدۇ، يامان بولسىمۇ، ياخشى بولسىمۇ نامى قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قانچىلىك كەمبەغەل بولسىمۇ (كىشى) ئاچ قالمايدۇ، بۇ ئۆلۈم ھايات (كىشىدىن) ئۆچىنى ئالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋۇجۇد سەمرىسە، قۇرت ـ يىلانغا يەم بولۇشى ئېنىق. ئۆز شادلىقىڭنى دېسەڭ، ئۆتكۈنچى مېھمانسەن. بۇ ھايات چۈشتەك ئۆ-تۈپ كېتىدۇ، يوقىلىدۇ. ھاياتلىقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر گۇۋاھدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىنسان تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، بۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس، ھەممە نەپەس ئالغۇچىلار ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆلۈم ھەقتۇر، ئۇنىڭدىن كەچكىلى بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيانىڭ شان ـ شۆھرىتى ئىككى نەرسىدىن ئىبارەت: بىرى مال ـ دۇنيا، (يەنە) بىرى بولسا يۈز ـ ئابرۇيدۇر. بۇ ئىككىسىگە

ئىگە بولۇپ، مىڭ يىل ياشىسىمۇ، ئاخىرى ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە، ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ دۇنيا تامامەن قىزنىڭ خۇلقىغا ئوخشىشىدۇ، قانچىلىك كۆلدۈرسىمۇ، بىر كۈنى يەنە يىغلىتىدۇ؛ قانچىلىك روناق تاپتۇر-سىمۇ، يەنە بۇزىدۇ، ۋەيران قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيا، دۆلەت كۈنلىرى بىر كۆلەڭگىدۇر، كۆلەڭگە بىرلا يەردە راۋۇرۇس تۇرمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇلۇغلۇقتا مەست بولۇپ، كىم نالايىق ئىش قىلسا، كېيىن قارا يەر قېتىدا ئازابىنى تارتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر مەيخور مەي ئىچىپ مەست بولسا، ئۇخلاپ قوپسا، (مەستلىكى) ئۇيقۇسىدا يېشىلىپ كېتىدۇ. بۇ دۆلەت مەست قىلسا، (كىشى) ئۇزاققىچە ھوشىغا كەلمەيدۇ، ئۆلۈم تۇتمىغۇچە ئۇخلايدۇ، ئويغانمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ھەممىدىن قاتتىقراق جۇدالىق — ئۆلۈمدۇر. ئۆلۈمگە ئامال يوق، ئۇنى قورال بىلەنمۇ توسۇپ بولمايدۇ. ھەر نەرسىنىڭ پىراقى يېقىن ياكى يىراق بولىدۇ. ئۆلۈمنىڭ پىراقى (بولسا) ئۇزاق پى-راقتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى كۆپ بولسا، ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ، قانچىلىك ئاز بولسىمۇ، ئۆز لايىقىدا يېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ دۇنيانىڭ نۇقسانلىرى مىڭ، پەزىلىتى بىر، ئادەم ئۇنى قانداق ئۆتكۈزسە، شۇنداق ئۆتۈۋېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايغۇ ـ ھەسرەت سېنى قانچىلىك ئەسىر قىلسىمۇ، كۆز قانچىلىك يىغلىسىمۇ، يەنە بەربىر كۈلىدۇ. دۇنيانىڭ قائىدە ـ قانۇنى ئەزەلدىن شۇنداق، ياخشى ـ يامان (ئىشلار) نەچچە يىل داۋام قىلسىمۇ، بىر كۈنى تۈگەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ دۇنيا بىلىمسىزگە جەننەتتۇركى، راھەت ئىچىدە شاد يۈرىدۇ. موھتاج بولمايدۇ. ئەقىللىق ئۈچۈن بۇ دۇنيا تىكەنگە تولغان، ئاياغ باسقانلا يېرىدە تىكەن سانجىيدۇ، ساقلىنىش كېرەك. بىلىملىك ئۈچۈن دۇنيا ئىچى بىر زەھەردۇركى، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالالمايدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

نەزەر سالساڭ، دۇنيانىڭ خۇي ـ پەيلى گويا تويغىنىنى بىلمەيدىغان ئەجدىھاغا ئوخشىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيا ئەھۋالىغا يېتەرلىك دىققەت قىلساڭ، ئۇنى چۈشەنسەڭ، كىشى ئۆز ـ ئۆزىگە ھەيران بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىشەنچىسىز دۇنيانىڭ پەيلى جاپا ۋە ۋاپاسىزلىقتۇر، ئەقىل-لىقلا ئۇنى ئۆزىدىن چەتلەشتۈرىدۇ، يىراق تۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ ھايات پۇشايمان، قايغۇ بىلەن تۈگەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قۇشقا دان - يەم كۆپرەك بېرىلىپ كەتسە، يەرگە قوندۇرۇشتا ھەمىشە دۇمباق چېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئېرىق دەريادىن ئايرىلىپ چىققان بولغاچ، دەريا ۋە ئېرىقنىڭ سۈيى ئوخشاش بولۇشى ھەممىگە مەلۇم، دېمەككى، دەريادىكى سۇ بىلەن ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سۇ ئوخشاش بولغانلىقتىن، ئۇلار-نىڭ تەمى ھەققىدە مۇنازىرىگە ھاجەت يوق.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەزەلدىن بەلگىلەنگەن قىسمەتنى زورۇقۇپ ئارتتۇرىمەن دې-يىش، قەلەمدە يازغاننى قايتۇرىمەن دېيىش قۇرۇقلۇقتا كېمە ھەيـ-دەش دېمەكتۇر. بۇ، كۆڭۈل ئۆيى ئىشەنچ نۇرىدىن يورۇمىغان كى-شىلەرنىڭ ئىشىدۇر.



ئەلىشىر نەۋائى

ھەرقانداق سۈرەت قۇدرەت قەلىمى بىلەن سىزىلغاندۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com

ھىڭگان تۆگە ھۆركىرەپ بۈيۈك بولالماس، ئۆچكە يۈگۈرۈپ كېيىك بولالماس.

ئەلىشىر نەۋائى

دۇنيا ھادىسىلەر دۇنياسىدۇر، غەپلەت ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىدۇ. ئادالەم ئۆمۈرگە بىۋاپادۇر، ئۇنىڭ راھىتىگە ئىشىنىپ كېتىش خاتادۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئوتنىڭ ئىشى قورۇش، شامالنىڭ ئىشى سورۇش، سۇنىڭ مەززىسى مۇز بىلەن، ئاشنىڭ لەززىتى تۇز بىلەن.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەگەر يۈز يىلدا بىر خۇشاللىق نېسىپ بولسا، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈزلەپ خاپىلىق تەييار بولۇپ تۇرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەرا تىغى سەلنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ. قامغاقنىڭ ياپرىقى يەڭگىللىكىدىن يوقىلىپ كېتىۋېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

يىڭنە كىچىك بولسىمۇ، كۆزگە سانجىلسا، كۆزنى كور قىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

نەرسىنىڭ ئەيىنىنى كۆرگۈچى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى كۆرگۈچىلەر راست كۆرگۈچىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

چىنىنىڭ قىممىتى ئۇنى ياساپ چىقىشتىكى ئەمگەكىگە قاراپ بولىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

قايسى مالنىڭ قىممىتى تۆۋەن بولسا، ھۆرمىتىمۇ شۇنىڭغا لايىق بولىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

ھۈنەرۋەن قول تەۋرەتمەي تۇرسا، ھۈنەرسىز ئۇنى تۆھمەت بىلەن ئەيىبلەيدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

نەچچە كەركەس ئۆمرىدەك ئۇزاق ھايات كەچۈرگىنىڭدىمۇ، ئۆمۈر بويى قانات قېقىش لازىم بولىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

ئەگەر كۆزۈڭ سۈمۈرغنى كۆرمىسە، كۆڭلۈڭ ئەينەكتەك يورۇق بولمايدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

تەقدىر قايان تارتقان بولسا، شۇ يەرگە كېتىش كېرەك. بىزگە شۇ جاي نېسىپ بولسا، بېشىمىزغا نېمە كەلسە نېسىۋىمىزنى كۆرۈشىمىز كېرەك.
ئەلشىر نەۋائى



مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى قانچىلىك كۆپ ھوسۇل بەرسە، تەرگۈچى ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ تاش ئاتىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

گۈلخانىنىڭ يۇزلىرىنى خىرە قىلغان كۆلمۇ ئۆز ئۆۋىتىنىدە ئەينەكنىڭ يۇزلىرىنى نۇرلاندۇرىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

چوڭ دەرەخ ئۆششاق باللار تاش ئېتىپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ بېشىغا سايە سالىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئورۇنسىز، بىھۇدە ئىشقا ھەرقانچە كۈچەپ ئورۇنغان بىلەن كىشىنىڭ ئەمگىكى زايە كېتىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

شامال گەرچە ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئېغىرلىق قىممىتى يوق. شۇڭا، تاغنىڭ بەستى ئالدىدا ئەرزىمەستۇر. تاغ يەردە سوزۇلۇپ تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتسىمۇ، بەرىبىر ھەيۋەتلىك ۋە سۈلەتلىك كۆرۈنىدۇ ھەمدە ئۇ كۆتۈرۈشلۈك، تاقەتلىكتۇر.

ئەلشىر نەۋائى

گەرچە قۇياش يەر يۇزىگە باراۋەر نۇر چاچسىمۇ، لېكىن چۆلدە قامغاق ۋە تىكەن، باغۇ بوستانلاردا بولسا سەرۋى دەرەخلىرى ۋە گۈللەر ئۆسىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئىت گەرچە بۆرە ئوۋلىيالايدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇرىدىغان جايى ئىشىكنىڭ سىرتىدا، مۈشۈكنىڭ ئورنى بولسا ئۆينىڭ تۆرىدە. ئىت چۆللەردە بۆرە ئوۋلاشنى ئادەت قىلغان بولسا، مۈشۈك ئۆيدىكى چاشقانلارنى ئوۋلاشنى ئادەت قىلغان. ئىككىسىنىڭ ئىنسانلارغا

قىلىدىغان خىزمىتى ئوخشاش ئەمەس.
ئەلشىر نەۋائى

چىراغ پەرۋانىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ دېمە، چۈنكى پەرۋانىنىڭ كۆڭلى چىراغ ئوتىدا كۆيىدىغان نەرسە ئەمەس.
ئەلشىر نەۋائى

دۇنيادا كىشىلەرنىڭ بولماسلىقى ۋە بولۇشى ئوخشاش بىر گەپ، جاھاننىڭ بار ـ يوقىنى ئوخشاش كۆرگەن بەختىيار كىشىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

ئانچە ـ مۇنچە شامالدىن دېڭىز قورقمايدۇ. بىراق، قاتتىق بوران دېڭىز باغرىنى تىلما ـ تىلما قىلىۋېتىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

پىل بىلەن ئېلىشىش، تۇمشۇقىغا تۇمشۇق سىلىش ئۈچۈن پىل بولۇش كېرەكتۇر.
ئەلشىر نەۋائى

تۇمشۇقى بار چىۋىننىڭ ئادەملەرگە ئازار بېرىش ئۈچۈن شۇم نەيزىسىمۇ باردۇر.
ئەلشىر نەۋائى

چىۋىن چاپسانلىق بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، يەردە قالغان پىل ئۇنىڭغا جازا بېرىشكە ئاجىزدۇر.
ئەلشىر نەۋائى

ياقۇت تېشى قانچىلىك جۇلالىق بولۇپ يېنىپ كۆرۈنسىمۇ، چاقماق تېشىدەك ئۇچقۇن چىقىرالمايدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر كىشى دۇنيا مۈلكىگە خوجايىنلىق قىلىپ مىڭ يىل پادىشاھلىق قىلسىمۇ، بەربىر. ئاقىۋەتتە يوقلۇق شارابىنى ئىچىدۇ، بۇ دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا ئۇنىڭ بىردەملىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. تەختى مەرتىۋىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى پەلەككە يەتكەن شاھمۇ، بىر پارچە تاختىنى باشپاناھ قىلغان گادايمۇ بارلىق توپىسىدىن قول ئۈزۈپ كېتىش چېغىدا تەڭدۇر.

ئەلشىر نەۋائى

دېڭىزدا يا سەدەپ ۋەيا ئۈنچە بولمىسا، ئۇ قانداق دېڭىز بولسۇن. ئۇ بىر چېگراسىز ئاچچىق سۇ بولۇپ قالىدۇ. چىمەنلىكتىكى سەرۋى دەرىخى ناھايىتى گۈزەلدۇر، بىراق مېۋىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پايدىسىمۇ يوقتۇر. گۈزەللىكتىن باشقا ئارتۇقچىلىقى بولمىغان دەرەخ ئوتۇن ئورنىدىدۇر.

ئەلشىر نەۋائى

غازاڭلارنى تۆكىدىغان شامال ئەڭ ئاۋۋال يوپۇرماقلارنىڭ رەڭگىنى سارغايتىدۇ. كىمگە بولمىسۇن تەقدىر بىر بالا يەتكۈزمەكچى بولسا، شۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىدا ئىلگىرىرەك ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

چىۋىن يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەن بىلەن پىل تارتقان يۈكنى تارتالمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئەزەلدىن نېسىپ بولغاننى ئۆزگەرتمەن دېيىش سۇ ئۈستىگە
خەت يېزىش بىلەن باراۋەردۇر.

ئەلشىر نەۋائى

چىراغ ئۆزىنىڭ شولىسىنى پانۇس بىلەن ياپىدۇ، بىراق پەر-
دىنىڭ ئارقىسىدىن بۇ شولىنى ھەممە كۆرىدۇ. قانلىق ياش كۆز-
نىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنالمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

بۇلۇتتىن ھاياتلىق بەھرە ئالىدۇ. بىراق، شۇ سۇدىن زەھەرلىك
قۇلۇلىلەرمۇ پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما، چىمەننىڭ گۈلى رازا
سۇ ئورنىغا زەھەرلىك سۇ ئىچكەندىمۇ ئۇنىڭ رەڭگىدىن يۈز خىل
تاۋلىنىش نامايان بولىدۇ. تەربىيە كەم ياكى ئارتۇق بولۇشى بىلەن
تەبىئەتتە تۇغۇلغان خىسلەتلەرگە ئۆزگىرىش بېرەلمەيدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

سەن قانچىلىك ھەقلىق بولساڭ، مەنمۇ شۇنچىلىك
ھەقلىقمەن.

ئەلشىر نەۋائى

بۇ دۇنيادىن كېتمۋاتقان بولساڭ، يۈكۈڭنى باغلا، چۈنكى بۇ
يەر تىنچلىق جايى ئەمەس. نېمىشقا ئۇنى («ئادەملەر ياشايدىغان
چارەك») يەر دەپ ئاتىشىدۇ؟ چۈنكى، ئۇنىڭ قالغان ئۈچ چارىكى
سۇغا چۆككەندۇر. چۈشكەن ئورنى سۇنىڭ ئۈستى بولغان كىشى
خالار ـ خالىماستىنلا قايغۇ ۋە تەشۋىشتە بولىدۇ. ھادىسىلەرنىڭ
بورانى بىر دولقۇن چىقارسا، سۇ قالغان چارەكنىمۇ بېسىپ كېتىد-
شى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىش شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ يەرنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىنچلىق، ئامانلىق ئورنى دېمەستىن، بىر ۋەيرانلىق دېگىن، بۇ يەرنى تۇرار جاي دېمەي، سۇ كۆۋرۈكى دېگىن. كۆۋرۈك سۇنىڭ ئۈستىدە گۈمبەزدەك تۇرغىنى بىلەن بىر پۈۋلىسە، ئۇ نېمە، سۇ نېمە؟ بىر دەمدىلا بۇزۇلىدىغان ئۆيگە ئەقىللىق كىشى ئىخلاس قىلامدۇ؟ بۇنداق ئۆيدە تۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ يەردە بىر نەپەسنىمۇ بىمالال چىقارغىلى بولمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

كىشىنىڭ گۆھىرى قانچە تازا بولسا، ئۇنىڭ زۇلمىدىن شۇنچە قايغۇ بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

جىق پىيالىلەرگە تولغان قانلىق مەيلەر بىرلا ناكەسنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈندۇر. يۈزلەپ پاكىز جەۋھەرلەرنى توپىغا تاشلىماقتىن بىرلا بەگگى خۇش بولىدۇ. كۆكىرىپ تۇرغان دەرەخنى ھەر دائىم سۇندۇرۇپ قالاش بىلەن ئۇنىڭ يالقۇنىدىن ئوتپەرەسلەر مەززە قىلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

پەلەك زۇلۇم قىلىدىغان چاغدا ئەپچىل بولغىنىدەك، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىمۇ ئەپچىلدۇر.

ئەلشىر نەۋائى

كىمكى بىر ئۇچقۇننى خۇپىيانە كۈل قىلغان بولسا، شۇ ئۇچقۇننىڭ يانغىنى ئاخىرىدا ئۇنى كۈل قىلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

قۇياش بولۇشنى ئىستىسەڭ، يېتۈكلۈكنى ئىگىلە. ئەگەر

يېتۈكلۈكنى ئىگىلىسەڭ قىيىنچىلىقىڭ يوقىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

قۇياش جاھانغا يورۇقلۇق چاچىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نۇرى پا-شىدىن تا ئەنقاغىچە باراۋەر تېگىدۇ. ئەمما، قۇياش ئۆز نۇرىنى يۇز قېتىم كۇچەيتىپ چاچسىمۇ شەپەرەڭ بىلەن قارىغۇ ياپىلاقتا مەلۇم بولاتتىمۇ؟

ئەلىشىر نەۋائى

كېپىنەك شام ئوتىدىن قانداق زوق ئالالايدۇ؟ بۇ نۇرنى بىلىش ئۇچۇن پەرۋانىدەك ئىشتىياق بىلەن كۆيۇش كېرەك.

ئەلىشىر نەۋائى

ئالتۇن ئېزىلىپ ـ ئېرىپ كۆيگەنسېرى ساپلىشىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كىيىم سۇزۇك سۇ رەڭگىدە بولسا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۇنكى ئېسىل گۆھەر سۇ ئىچىدە بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

چۇمۇلە قاناتلانسىمۇ ئۇچالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەلىشىر نەۋائى

ئىنسان ئۇچۇن ھەممىدىنمۇ قەدىرلىكى نېمە؟ ھايات. چۇنكى، بىزنىڭ ھەممە خۇشاللىقىمىز، بىزنىڭ پۈتۈن بەختىمىز پەقەت ھايات بىلەن باغلانغان.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

شۇنداق ياشاش كېرەككى، تاكى ھاياتقا چەكسىز تەلەپلەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قويۇش مۇمكىن بولسۇن.

ئا. ئا. بىلوك

ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتى — ئەگەر ئۇ ئۆزىنى ئىنسانى دەپ چۈشەنسە، ئۆزىنى تار شەخسىي مەنپەئەتلەر يولىدا ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر ئۇلۇغ ئىشقا ئىنتىلىۋاتقان، ئومۇمنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشى ئۈچۈن كۈرىشىۋاتقان ئىلغار كىشىلەرنىڭ يۈكسەك مەقسەتلىرى ئۇنى شەخسەن ئىلھاملاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا — ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىنساندۇر.

م. ئى. كالىنىن

ئىنسان جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قانچىكى پايدا يەتكۈزسە، ئۇ شۇنچىلىك كامالەتكە ئېرىشىدۇ.
د. ئى. مېندېلېيېف

جەمئىيەتنىڭ كەڭ مەنپەئەتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىگە خىزمەت قىلىشقا بېغىشلانمىغان ئۆمۈرنى ئۆمۈر دېمەسلىك كېرەك.
ن. س. لېسكو

جەمئىيەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلەرنىڭ تەسىرىسىز ئۇلارغا قاتنىشىش سەۋەبى بىلەن تۇغۇلىدىغان تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىسىز ئىنسان كامالەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.
ن. گ. چېرنىشېۋسكىي

يەر يۈزىدە ئەقەللىي بىرەر بەختسىز كىشى ياشاپ تۇرغاندا، خاتىرجەم ياشاش ۋە بەختلىك بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ياشاشتىن مەقسەت، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ۋە بەختىنى كۆزلەش.
يا. بولياي

ئاچ ئادەم، سۇزسىز، ئۆزىنى ئۇسال ھېس قىلىدۇ. بىراق ئادەممۇ يان ئەتراپىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاچلارنىڭ ئاھۇ - نالىسىگە سەۋر - تاقەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

قۇلاقتىن دىلىڭغا گەر كىرمىسە نۇر،
چاشقان تۆشۈكىدىن پەرقى نە بولار؟

ئا. جامىي

بېشى بىلەن شۇڭغۇپ كىرمىسە ھەردەم،
سۇ ئاستىدىن دورىنى تاپامدۇ ئادەم؟

ئا. جامىي

ياخشى خۇلقلىق بولغىن ھەمدە ساپ كۆڭۈل،
ئادەملەرگە دائىم ئىنساپلىق بولغىن.
بۇ ئەمگەكخانىدا ياخشى ھەم يامان،
ئۇچرايدۇ، ياخشىلىق قىلغۇەر ھامان.

ئا. جامىي

پەقەت ئادەمزات بەختى ئۈچۈن قىلىنغان ئەمگەكلا ھەقىقىي ۋە مەڭگۈلۈك شۆھرەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

ج. سەمېر



دائىملىق تەشۋىش، ئەمگەك، كۈرەش، يوقسۇزلۇق — بۇلار زۆرۈرىي شەرت - شارائىتلاردۇر. ئەقەللىي بىرەرمۇ ئادەم بۇلار ھەققىدە ئويلاشتىن ئۆزىنى بىردەممۇ چەتكە ئالماسلىقى لازىم ...ھالال ياشاش ئۈچۈن ئىنتىلىش، ئادىشىش، ئۇرۇنۇش، يېڭىلىش،

www.uighurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

نېمىنىدۇر باشلاش ۋە تاشلاپ قويۇش ۋە يەنە باشلاش، يەنە تاشلاپ قويۇش، دائىم كۈرەش قىلىش داۋامىدا يوقسۇزچىلىققا چىداش كېرەك. بىغەملىك روھىي چۈشكۈنلۈكتۇر.

ل. ن. تولستوي

ئەدەپ شۇنداق ئۇزۇككى، ئەگەر ھەر كىمنىڭ تەسەررۇپ بار-مىقىغا مۇۋاپىق كەلسە، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق نامى ھەممە مەركە - سورۇنلاردا جەۋلان قىلىدۇ.

ئەدەپ دىباچە ① دۇر ئىنسان ئۇچۇن ئىززەت كىتابىگە،
بولسا ھەر كىم ئەدەپسىز، بولۇر نىشان تىرى مالامەتكە. ②

بەرخۇردار ئىبىن مەھمۇد

—پەزىلەت نەسلۇ نەسەب بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەدەپ بىلەن تېپىلىدۇ.

مۇھەممەد زىبھىي

ئەدەپ ئەھلى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش — گۈل - چېچەكلەر ھىدىنى تارتىۋاتقان تاڭ شامىلىدىنمۇ شېرىن.

—«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

كىشىدە ئەدەپ بولسا ئىلىممۇ بولۇشى لازىم. ئەدەپ ئەقىلگە باغلىق نەرسە، ئەقىل ئۈستىگە ئەدەپ قوشۇلسا نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلغان بولۇر. ئۇلۇغلۇق ئەقىل ۋە ئەدەپ بىلەن بارلىققا كېلۇر.



① دىباچە — كىتابنىڭ رەڭ ۋە ئالتۇن ھەل بىلەن نەقىشلەپ زىننەتلەنگەن باش بەتلىرى، مۇقەددىمە.
② تىرى مالامەت — مالامەت ئوقى.

ئەقىلنىڭ قەدرى ئەدەپ بىلەن، بايلىق قەدرى ساخاۋەت بىلەن، قۇۋ-ۋەت قەدرى باھادۇرلۇق بىلەن ئاشقاي.

«فەۋاكىھەل جۇلەسا» دىن

كىشىلەر ئەدەپ تۇتىياسىنى تاشقى ۋە ئىچكى دۇنيا ئەخلاق كۆزىنىڭ روشەنلىكىنى ئاشۇرغىلى سەۋەب دەپ چۈشىنىدۇ ۋە ئۇلار بۇ قىممەتلىك سەپەر ئىبتىغا مىنىمەي تۇرۇپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت مەرتىۋىسىنىڭ ئىدراك كەبىسگە يېتەلمەيدۇ.

سائادەت مۇلكى يولىدا دائىم يۈرگەي بىختەر،
ئەدەپنىڭ ھاسىسى بولسا كىشى قولىدا ئەگەر.

بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

بىر كۇنى بۇقراتتىن سورىدى:

—ئەدەپلىك ئادەم بىلەن ئەدەپسىز ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق قانداق؟

—سۆزلەيدىغان ھايۋان بىلەن سۆزلىمەيدىغان ھايۋان ئوتتۇ-رىسىدىكى پەرققە ئوخشاش، — دەپ جاۋاب بەردى بۇقرات.

«فەۋاكىھەل خۇلەسا» دىن

ئانا ـ ئانىسى ئۆلگەن ئادەمنى ئەمەس، ئەدەپ ـ ئەخلاقى بولمى-غان ئادەمنى يېتىم دە.



«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

**ھېكايەت** ئەدەپ خەزىنىسىنى كۆڭلىگە جايلاشتۇرغان بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ ئۆز بەختىنى تاپالماي بىر مەزگىل سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈردى. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەنۇشىرۋاننىڭ خادىملىرىدىن بىرىنىڭ خىزمىتىگە كىردى. ئۇ يەردىكى

www.uyghurkitap.com

قىيىنچىلىق ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرنىڭ ئازابىغا ھەرقانچە چىدى-سىمۇ بىرەر پايدا كۆرمىدى. قاراڭغۇ تۈنلەرنى بولسا ئېغىر خى-ياللار بىلەن ئۆتكۈزدى. بېيىت:

كۈننىڭ جامالىنى كۆرەي دېگەندە،
تۈندە سەبر قىلماق پەقەت چارەسى.
گۆھەر قىدىرغۇچى جاپادىن قورقسا،
قولىغا چىقمىغاي دۇرنىڭ سەرەسى.①

بىر كۈنى ئەنۇشىرۋان مەجلىس قۇردى. كېيىن ئۆز مۇلازىمە-لىرىدىن: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى. بىرى: «شاھى» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىرى: «تۇزنىڭ پەيلىرى» دېدى. يەنە بىرەيلەن بولسا: «شاھىدىنمۇ يۇمشاق نەرسە بولۇشى مۇمكىنمۇ!» دېدى. شۇ چاغدا ھېلىقى يىگىتمۇ سارايدا بار ئىدى. ئۇ مۇلازىملارنىڭ جاۋابى-لىرىدىن ئەنۇشىرۋاننىڭ قانائەتلەنمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ، سۆز-لەشكە ئىجازەت سورىدى ۋە ئىجازەت بېرىلگەچ دېدى: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە تىنچلىقتۇر!» ئەنۇشىرۋان ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى ۋە يەنە سورىدى: «ئەڭ ياخشى غىزا قانداق غىزا؟» يىگىت: «شەھۋانى قۇۋۋەتنى ئاشۇرمايدىغان ۋە تەندە ئىللەت پەيدا قىلمايدىغان غىزا ئەڭ ياخشى غىزادۇر» دېدى. يەنە سورىدى: «ئەڭ ياخشى شاراب قانداق شاراب» يىگىت: «ئەقىلنى زايا قىلمايدىغان ۋە كېسەللىك پەيدا قىلمايدىغان شاراب» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە سورىدى: «گۈللەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ خۇش پۇراقلىقى قايسى؟» يىگىت جاۋاب بەردى: «ئاتا ـ ئانا تىرىكلىكىدە ئۇلارنى خۇرسەن قىلىدىغان، ئۇلار ئۆلگەندىن



① سەرە: ئەڭ ياخشى، سەر خىل تاللانغان.

كېيىن ئۇلارنىڭ نامىنى مەڭگۈلەشتۈرىدىغان ھايات گۈلى بولمىش پەرزەنت!»

ئەنۇشىرۋان يىگىتنى تەقدىرلىدى ۋە ئۆز ھەكىملىرى قاتارىغا ئالدى. بېيىت:

دانا ناچارلىقتا قالسىمۇ بىر كۈن،
ئۈمىدى ھوسۇلدىن كۆر لىباسقا يوشۇرۇلسىمۇ،
مۈشكنى كۆر لىباسقا يوشۇرۇلسىمۇ،
ھىد چېچىپ ئۆزىنى قىلۇر نامايان!

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

ئەدەپ —ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەكلىك قەسرىنىڭ شوتىسىدۇر. كى، بۇ شوتا ئارقىلىق ھەممە مەقسەت ـ مەنزىلگە يېتىش مۇمكىن. شەرم گۈلزارىدىن بولسا بارچە مۇددىئا گۈللىرىنى دەستىلەش مۇمكىن. لەتىپ سىرلار ھەقىقەتنى چۈشەنگۈچىلەر ۋە ھەرقانداق رەمز① مەنىسنى تەتقىقلىغۇچىلار ئېيتىدۇلاركى، ئادىمىيلىك رىسالىسىنىڭ دەرسلىرىنى ئوقۇشقا باشلاپ، بەختىيارلىق كوچىسىغا قەدەم قويغۇچى ھەربىر ئىنسانغا ئالدى بىلەن شەرم ـ ئەدەپ قائىدىسىنى ياد ئالماق شەرتتۇر. تاكى بەخت مۇئەللىمىنىڭ يوللانمىسى بىلەن ھايات قانۇنى ئىلمىنى ئىدراك قىلىشتا بىلىملىك ۋە ئۇستا بولالىسۇنكى، ھەقىقەتەنمۇ، ئەدەپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ تاج ۋە ئادىمىيلىك بېزىكى ئۈچۈن قىممەتباھا گۆھەردۇر.

بەرخوردار ئىبدىن مەھمۇد

ئەدەپلىك ئادەم تېۋىپقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن

---

① رەمز: بەلگە، ئالامەت، ئىشارە.

سۆھبەتلىشىش كۆڭۈلدىكى غەمنى قوغلايدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

بىر كۈنى خەلىپە مەئمۇن ئەدەپ بىلەن سۆزلەۋاتقان بىر بالىدىن: «كىمنىڭ ئوغلىسەن؟» — دەپ سورىدى. بالا: «ئەدەپنىڭ ئوغلىمەن»، —دەپ، جاۋاب بەردى. خەلىپە مەئمۇن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ: «ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ئاتاڭ بار ئىكەن!» — دەپ ئۇنىڭغا تەھسىن ئوقۇدى.

مۇھەممەد زېھنىي

ئەدەپ بىر بۇلۇتكى، ئۇنىڭ بىر تامچە يامغۇرى ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەمەل ئېكىنزارىغا ياغسا، ئۇمىد زىرائىتىنى مەڭگۈلۈك كۆكلەمزارغا ئايلاندۇرۇر ۋە ياخشى نام ھوسۇلىدىن پايدا خىرمانىنى بەرپا قىلۇر.

بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

ئۆزۈڭدىن كىيىنكىلەرگە ئۈلگە بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭدىن ئىلگىرىكىلەردىن ئۈلگە ئال.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

چىن ئىنسان ھەمىشە ئىلىم ۋە ھۈنەر ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ: ئىلىم بىر دەرەخ بولسا، ئەدەپ ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر. ئەدەپسىز ئالىم —مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ.

مۇھەممەد زېھنىي

ھېكمەت ئەربابلىرىنىڭ ئېيتىشلىرىچە، كىشىنىڭ ۋۇجۇد گۈلى ئەدەپ رەڭگى ۋە ھىدىدىن خالىي بولسا، ئۇ كىشى ئادەملەر نەزەرىدە تىكەندەك خار ۋە بىئېتىبار بولۇر، خەلق كۆڭلى ئۇنىڭ

بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن قالىدۇ ھەمدە خاھ ياتلار بولسۇن ياكى ئاغىنىلىرى بولسۇن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالى بەتلىرىگە نەپرەت قەلىمى بىلەن يېزىلغان يىرگىنچلىك ۋە ياتلىق بەلگىلىرىنى قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرم - ھاياسىز ۋە ئەدەپسىز كىشىلەر دەۋرانىنىڭ دەككىسى ۋە تەنبىھىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىق قاناتلىرىنى سىنغان ھالدا كۆرگەي ۋە ئۇلارغا ھېچكىم ھېچقاچان مېھىر - مۇھەببەت كۆرسەتمىگەي.

بەرخۇردار ئىبدىن مەھمۇد

ھايات ئەڭ ياخشى مۇرەببىيدۇر.

«ئاتلار سۆزلىرى» دىن

تەربىيە تەسىر قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچ تائىپىگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچىسى، ئاق بىلەن قارىنى زادىلا تونۇمايدىغان بالىلار. ئۇلارنىڭ تەبىئىتى يامانلىق چاڭ - توزانلىرى بىلەن تېخى كىرلەنمىگەن، كۆڭلى بولسا يامان ئىشلار زۇلمىتى بىلەن قارىلانمىغان بولۇپ، بۇنداق بالىلارغا نەسىھەت تېز تەسىر قىلىدۇ. بۇنداق بالىلارنى توغرا يولغا ئاسان ئۆگەتكىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئاق بىلەن قارىنى ئاجىرىتالايدىغان بولۇپ قالغان بالىلار. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆز نەپسىنىڭ ئۇستۇنلۇكى بىلەن ياخشىلىقسىرى بۇرىلالمايۋاتقان بولىدۇ. بۇنداقلار قىلمىۋاتقان ئىشنىڭ يامانلىقىنى بىلىدۇ، نۇقسانلىرىنى بولسا تەن ئالىدۇ. بۇنداقلارنى تەربىيىلەش بىرىنچى خىلدىكىلەرگە قارىغاندا قىيىنراق، ئەمما ئۇلارغا داۋاملىق تەربىيە بېرىلىپ، ھەر خىل نەسىھەت ۋە تەنبىھلەر قىلىپ تۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ياخشى يولغا كىرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچىسى، ئائىلىدە بولمىغۇر ئوي ۋە بۇزۇق پىكىرلەر بىلەن ئۆسۈپ - ئۇلغايغان كىشىلەر. بۇلار ئۆمۈر بويى ناھەق ئىشلارنى ھەق دەپ بىلىپ كەلگەن ۋە شۇنىڭغا ئەستايىدىل ئېتىقاد قىلغان بولىدۇ. يامانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزلىرىچە ياخشىلىق دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى تەربىيىلەش ناھايىتى قىيىن، ئۇلارنى تەربىيىلىمەك خۇددى يېڭنە بىلەن قۇدۇق قازغانغا ياكى تېخى قىزىپ چوغقا ئايلانمىغان تۆمۈرنى بولقىلىغانغا ئوخشاشتۇر.

دانالار ياخشى ياكى يامان خۇلقلۇق بولۇشنى ئائىلىگە باغلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، بۇزۇق خوتۇندىن تۇغۇلغان ۋە رەزىل ئاتا قولىدا تەربىيىلەنگەن بالىدىن ياخشىلىق كۈتۈش قىيىن. چىرايلىق خۇلق قۇياشقا ئوخشايدۇكى، قۇياش مۇزنى ئېرىتىۋەتكەنگە ياكى سۇ تۇزنى ئېرىتىۋەتكەنگە ئوخشاش، چىرايلىق خۇلقمۇ ھەممە يامانلىقلارنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ.

ئەبۇلبەرەكات قادىرى

مۇرەببىيىسى بولمىغان ئادەمنى ھاياتنىڭ ئۆزى تەربىيىلەيدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

بۇگۈن بىراۋنى شاد، بەختلىك كۆرسەڭ، بىرىنى كۆڭلى جاراھەت كۆرەرسەن. نەچچە كۈن كۈتۈپ تۇرساڭ، تۇپراق بىراۋنىڭ خىيالچان بېشىنى يەيدۇ. بىر كۈن يازمىش قىسمەت كەلسە شاھلار بىلەن قۇللارنىڭ پەرقى تۈگەيدۇ. بىركىم ئۆلۈكلەر قەبرىسىنى ئاچسا، باي - گادايلىقتىن ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمەيدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

مەجمۇئە ئىسمى : ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
كىتاب ئىسمى : كىشىلىك ھايات ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى : مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى : ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر : ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىر : ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر : ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى : قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى : (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - قورۇ )
تارقاتقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت : شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مم 32/1
باسما تاۋىقى : 3 باسما تاۋاق
خەت سانى : 51 مىڭ خەت
نەشرى : 2008 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى : 2008 - يىل 8 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—80744—406—0
باھاسى : 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )